# يامغۇردا قالغان تاۋۇس ئەللەيىن

پەرھات تۇرسۇن

ئاپتور تەمىنلىگەن.

«ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ.

[ئىزاھات]:

بۇ بىر سۆھبەت خاتىرىسى، ئىلمىي ماقالە ئەمەس. شۇڭا بەزى كۆز قاراشلار ئوتتۇرغا قويۇلغاندا خۇددى ماتېماتىكا ياكى فىزىكا توغرىسىدىكى ماقالىلاردىكىدەك تولۇق پەننىي تېرمىنلار ۋە نەزەرىيىۋى ئاتالغۇلار بىلەنلا تولغان ئەمەس. سۆھبەت خاتىرىسى دېگەندە ئىلمىي ئاتالغۇلاردىن باشقا ئېغىز تىلىغا ياكى بەدىئىي ئىپادىلەشكە خاس ،تەمسىل قىلىش،ئوخشىتىش قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بولىشى تەبىئىي ئەھۋال. بىراق بۇ خاتىرە «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ۋە «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ناملىق ئىككى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي تەبىئىي بولمىغان مۇنداق ئىككى خىل ئىنكاسقا دۇچ كەلدى: ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تىل ھاقارەتتىن ھۇزۇزلىنىدىغان بىر توپ كىشىلەر خەتىرىنىڭ بەزى جايلىرىدىن قاتتىق سۆيۈنۈپ، پۇخادىن چىققانلىقىنى ئىپادىلەشتى. شۇنداقلا،ئۇلار تىل ھاقارەتنى بىر خىل جاسارەت دەپ قارىغاچقا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن نوچىغا ئايلاندىم. ناھايىتى دىلى سۇنۇق ۋە مىشچان كىشىلەر بولسا بۇ خاتىرىدىن ساراسىمگە چۈشۈپ، بىرەر ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەندىن «ئادەم تىللاپ ياخشى قىلمىدى» دەپ ئاغرىنىشتى. مەيلى بۇ خاتىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن خۇشھال بولغانلار بولسۇن ياكى خاپا بولغانلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئوخشاشلا بىر خاتالىق سادىر بولدى. يەنى ئۇلار بۇ خاتىرىنى «تىل ھاقارەت» دەپ چۈشىنىۋالغاندى. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئاشۇ ئون بەش يىل بۇرۇن يېزىلغان خاتىرە ھەققىدە بەزى ئىزاھاتلارنى بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم.

بىرىنجىدىن مەن بۇ ئىزاھاتلار ئارقىلىق ئاز-تولا دەلىل ئىسپاتلار بىلەن بەزى كۆز قاراشلىرىمنى دەلىللىمەكچىمەن. چۈنكى كونكېرىت مىساللار بىلەن ئېنىپ-ئېچۈرمىسەم، خېلى كۆپ كىشىلەر«كۆز قارىشى ئىلمىي ئەمەس» دېگەن قالپاقنى كەيدۈرۈپ مېنى تارتىپ چىقىرىدىكەن.

ئىككىنجىدىن، چۈشەنچە بېرىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئاللاكىملەر بىلەن دۈشمەن ئەمەسلىكىمنى ئىپادىلەپ خۇددى توشقاندەك چۆچۈپلا تۇرىدىغان، سەزگۈرلىكى ئېشىپ كەتكەن بەزى دوستلارنىڭ يۈرىكىنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ خاتىرجەم قىلماقچىمەن.

ئالدى بىلەن ئىزاھلاپ قويايكى، بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بەزى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەن تەمسىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. تەمسىل مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بىر خىل ئۇسۇلى. بەزىدە نوقۇل نەزەرىيىۋى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىقلا بەزى مەسىلىلەرنى تازا دەل قىلىپ چۈشەندۈرۈش قىيىنراق. ھېچبولمىغاندا ئۈنۈمى تەمسىلدەك ياخشى بولمايدۇ.

تەمسىل قىلىش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ كونا بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى. ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مەۋجۇت بولۇشىدىكى سەۋەب دەل ئۇنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىدە. بىزنىڭ مىللىتىمىز بولسا تەمسىلگە ئەڭ باي خەلق. ئادەملەرنىڭ ھاياتى، ھېسسىيات مۇناسىۋەتلىرى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى ناھايىتى چوڭقۇر ئوي-پىكىرلەرنىڭ بەزىدە ناھايىتى قىسقا بىر-ئىككى جۈملىلىك تەمسىل بىلەنلا چۈشەندۈرۈلۈشلىرى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدۇ. مەن كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپ ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەمسىل ئارقىلىق چۈشىنىپ كەلگەن ئىدىم. مېنىڭ دادام تەمسىل ئىشلىتىشكە ناھايىتى ماھىر كىشى ئىدى. مەيلى دەرس سۆزلىگەندە بولسۇن، مەيلى ئىش-ئەمگەكتە بولسۇن مەسىلىلەرنى تەمسىل بىلەن ناھايىتى روشەن چۈشەندۈرەتتى. شۇڭا تەمسىل بىلەن مەسىلە چۈشەندۈرۈش دادامدىن ماڭا قالغان ئۇدۇم بولسا كېرەك. بۇ سۆھبەت خاتىرىسىدىمۇ ئاشۇ خىل ئادىتىمدىن مۇستەسنا بولالمىدىم.

سۆھبەت خاتىرىسىدە، مەن ئاتالمىش «گۇڭگا شېئىر» چىلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ھالىتى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۇيغۇر مەسەللىرىدىكى» تاۋۇس ئەللەيىن»نىڭ ھالىتى ۋە ئورنىغا تەدبىقلاپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپقاندىم. بۇ ھەرگىزمۇ «گۇڭگا شېئىر»چىلارنى قوتۇر ئېشەككە ئوخشىتىپ ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. پەقەتلا «گۇڭگا شېئىر» ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى چۈشەندۈرۈشكە ئەپلىكراق بولسۇن ئۈچۈن ئاشۇ مەسەلدىن پايدىلاندىم. ئەلۋەتتە، ھەممىمىز بىلىمىز، ئۇلار قوتۇر ئېشەكلەر ئەمەس، بەلكى ئادەملەر. پەقەت «گۇڭگا شېئىر» ھادىسىسى ئاشۇ مەسەلدىكى ھادىسىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق تەمسىل قىلىش باشقا ئەسەرلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، يېقىندا بىر ھېكايىنى ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدا باش قەھرىمان سۆيگىنىگە» مەن بىر بۆرە، بىلەمسەن، مەن بىر ئېچىرقىغان بۆرە!» دەيدىكەن. كىتابتىن مەلۇمكى يازغۇچى بۇ ئارقىلىق باش قەھرىماننى ئۆز ئېغىزىدىن ئاچكۆز دەپ تىللىماقچى ئەمەس. پەقەتلا باش قەھرىماننىڭ ئەينى چاغدىكى ھالىتىنى، يەنى ئۇنىڭ چۈشكۈنلەشكەن روھىنىڭ ئېتىقادقا ۋە مۇھەببەتكە بولغان بىر خىل ئېچىرقىشىنى ئىپادىلىگەن. ئىجابىي تۈس بېرىش ئۈچۈن قويغا ئوخشاتقان بولسا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تېپىرلاش ياخشى

ئىپادىلەنمىگەن بولاتتى. ئەگەر ئۇنى سەلبىي تۈس بېرىش ئۈچۈن «ئاچ پاقا» دېگەن بولسا تېخىمۇ ئۇ ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. مەنمۇ ئەينى چاغدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر خىل ھالەت ۋە ھادىسىسنى ئوبرازلىق ۋە جانلىقراق دەپ بېرىش ئۈچۈنلا «تاۋۇس ئەللەيىن «ناملىق خەلق مەسىلىدىن پايدىلانغاندىم. ئۇنى باشقىلارنىڭ تىل-ھاقارەت دەپ چۈشىنىۋېلىشى مېنىڭچە توغرا ئەمەس. بۇ پەقەت خۇدۇكسىراشنىڭ مەھسۇلى. مېنىڭ گۇڭگا شېئىرچىلار بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ھېچقانداق ئۆچ-ئاداۋىتىم يوق ئىدى. مەن دوستانىلىق بىلەن ئۆز كۆز قارىشىمنى ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرغا قويغان.

[ئەسلىدىكى سۆھبەت]

سوئال: پەرھات، سىزنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە، پوۋېستلىرىڭىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۆچلۈك تەسىر قوزغىدى. بولۇپمۇ ياش كىتابخانلار سىزگە دىققەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە، سىز يېزىقچىلىقتا پروزىدىن بەكرەك شېئىرىيەتكە بېرىلگەن ئىدىڭىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نىمە ئۈچۈن كىتابخانلارغا شېئىرلىرىڭىزدىن ئانچە تەقدىم قىلمىدىڭىز؟

جاۋاب :ئۇيغۇرلاردا شېئىر يازىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، شۇڭا بۇنىڭدىن خېلى ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىلا بەزى ئۇستازلىرىم ماڭا نەسىھەت قىلىپ، «بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز تەرەققىي قىلىپ كەتتى، شۇڭا بۇنىڭدا ئۇزۇپ چىقىمىقىڭ تەس، ئەڭ ياخشىسى پروزا بىلەن شۇغۇللان، پروزا بەك ئاجىز» دېگەندى. مەن ئۇ چاغلاردا بەكمۇ كىچىك بولساممۇ، جاھىللىقتىن ئىبارەت تۈپكى خاراكتېرىم شەكىللىنىپ بولغان بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ زادىلا پەرۋا قىلمىغاندىم. ئەشۇ «ئۇزۇپ چىقىش قىيىن» بولغان شېئىرىيەت بىلەن ئاخىرىغىچە شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلگەندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۆزۈمنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمنى پروزىدىكى ئىزدىنىشلىرىمگە قارىغاندا ئوڭۇشلۇقراق بولدى دەپ ئويلايمەن. بىراق شېئىرىيەتتىكى ئىزدىنىشلىرىم ھامان باشقىلارنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپ كەلدى. بەلكىم بۇ باشقىلانىڭ مېنى «چېكىدىن ئاشقان» دەپ ھېس قىلىشىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا مۇھەررىرلەر ئەسەرلىرىمنى ئېلان قىلماي قايتۇرىۋەردى .بەزى شېئىرلىرىم قولدىن قولغا ئۆتۈپ، باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ كەتتى. بەزى مىسرالىرىمنىڭ باشقىلارنىڭ يازمىلىرى ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرسەم بەزىدە ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ مىسرالىرىم باشقىلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاستىدا تۇرسا ئۇلارنىڭ ئاجايىپ تالانتىغا ۋە مىللىي غۇرۇرىغا شاھىت بولىدۇ، لېكىن مېنىڭ ئىسمىم بىلەن بىللە تۇرسا كىشلەرنىڭ ئىنكاسى تامامەن باشقىچە! ئەمدى يەنىلا شېئىرلىرىمنى ئېلان قىلماي

يۇرتۇەرسەم، ئەڭ ئاخىرى شېئىرلىرىمغا باشقىلار ئىگە بولۇپ، مەن تەقلىدچى ھېسابلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىمەن. شۇڭا،ئەمدى بۇ خەۋپىنى تۈگىتىش ئۈچۈن شېئىرلىرىمنى ئېلان قىلىشقا تىرىشىمەن.

]ئىزاھات[:

ئەينى چاغدا ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا پەقەتلا «غەزىنە گىرۋەكلىرى» نامىلىق ئەللىك بەتكىمۇ يەتمەيدىغان بىرلا شېئىرلار توپلىمىدىن باشقا دۇنياۋى مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرىمۇ نەشىر قىلىنمىغاندى. «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بولسا 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ژۇرنالدا شېئىر ئېلان قىلىنماسلىقتا ناھايىتى "مەردانىلارچە "چىڭ تۇرغاچقا، ئۇزاق مەزگىل ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى دۇنياۋى شېئىرىيەتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالغاندى. پەقەت يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىلا «يارىلانغان يۈرەك«،» تۆكۈلگەن شاراب» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى نەشىر قىلىندى. ئىلگىرى ئاشۇ ناھايىتى نېپىز بىر توپلام (ئەمەلىيەتتە ھەممىسى«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بىر ساندىلا بېسىلغان (بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياۋى شېئىرىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خەلقئارا شېئىرىيەت سەۋىيىسىگە يېتىشى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى دۇنيا شېئىرىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىشى ئەقلىلىك ئەمەس. دۇنياۋي شېئىرىيەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن تامامەن خەۋەرسىز قالدۇرۇلغاچقا بەزىلەرنىڭ شائىرلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە قاراپلا «شېئىرىيىتىمىز تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتتى» دېيىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇلار شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغان قىلمىغانلىقىغا شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئەمەس شېىر يازىدىغانلارنىڭ سانىنى ئاساس قىلغان ئىدى .ئەمەلىيەتتە ھەممىلا يەردە شېئىر يازىدىغانلارنىڭ يامراپ كېتىشى شېئىرىيەتنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ناھايىتى تۆۋەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. چۈنكى، پەقەت شېئىرىيەت تۆۋەن سەۋىيدە بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر يېزىلىۋاتقان ۋە مەتبۇئاتلاردا چىقىۋاتقان شېئىرلارغا قاراپ، «شېئىر يېزىش نېمە دېگەن ئاسان، ۋەزىن بىلەن قاپىيەنى بىلىۋالسىلا بولىدىكەنغۇ» دېگەن خىيالغا كېلىپ قالغاچقا شېئىرىيەت كوچىسىغا كىرىۋالغان. ئەگەر ھەقىقەتەن شېئىرىيىتىمىز تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى سەۋيىگە يەتكەن بولسا، كىشىلىرىمىز شېئىرنىڭ سەنئەتنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى، ئىنساندىكى مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشتە ئالاھىدە يۇقىرى ماھارەت بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسا، ھەرگىزمۇ خەت يازالايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى شائىر بولىۋالمىغان بولاتتى.

نۇرغۇن كىشىلەر «ئۇيغۇر شېئىرىيتى دۇنيادا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيدە» دەپ سۆزلەپ يۈرگەن چاغلاردا پەقەت باشقا تىللارنى ئۆگىنىپ شۇ تىللاردا نەشىر قىلىنغان كىتاب-ژۇرناللار ئارقىلىق دۇنيا شېئىرىيتى بىلەن تونۇشقان بەزى

قەلەمكەشلەرلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆڭلى يېرىم بولىدى ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن شېئىرىيەت ساھەسىگە بەزى تەلەپلەرنى قويدى. بىراق بۇ تەلەپلەر ئۇزاق مەزگىل كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، ئۆزىنى-ئۆزى بەزلەپ كەلگەن نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ پسىخىكىسىدىكى ئاجىز تەرەپلەرگە تېگىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن يەنىلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە زور يۈكسىلىش يىراق بولۇپ قېلىۋەردى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئۆزىنى قارىغۇلارچە ماختاپ، سىرتقى دۇنيادىن باشقىلارنى خەۋەرسىز قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەممىدىن يوقۇرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتەك بۇ خىل ئەندىزە تا ھازىرغىچە بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردا داۋاملاشماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر يالغاندىن مىللەتپەرۋەر بولۇۋېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا جاھاندا ھېچكىمنىڭ ئەدەبىياتى يەتمەيدۇ دېسە، ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىدىغانلار مىللەتپەرۋەر ئەمەس بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ غىڭ قىلالمايدۇ .ئەمەلىيەتتە بۇنداق يالغان پەخىر مىللەتپەرۋەرلىك ئەمەس بەلكى ساتقۇنلۇقتۇر .مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە جوڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە باي ئەدەبىيات دەپ كۆككە كۆتۈرۈلىۋاتقاندا ئەمەلىيەتتە دۇنيادا ئەڭ ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەنمۇ سېلىشتۇرغۇسىز ئەھۋالغا قالغان ئىدى. جوڭگو ئەدەبىياتى ئاشۇ "جوڭگوغا ئەڭ ساداقەتلىكلەر" تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنغانىدى. ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزمۇ ئاشۇنداق غەيرى نورمال ساداقەتمەنلەر تەرىپىدىن خانىۋەيران قىلىنماقتا. جوڭگودا ئېچىۋېتىش ئىسلاھاتتىن كېيىن كىشىلەر سىرتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيادا ئەڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىنلا جوڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىن خەۋپسىرەش پەيدا بولۇپ، كىشىلەر بار كۈچى بىلەن ئىزدىنىشكە باشلىدى . ئۇلارنىڭ يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىللىق تەرەققىياتى دەل مۇشۇ خەۋپسىرەشنىڭ نەتىجىسىدۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ قانداق ھالدا قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن ۋايىم يېيىش ھەقىقي مىللەتپەرۋەرلىك، ئەكسىچە ئۇنى قەستەن كۆپتۈرۈپ، يالغانچىلىق بىلەن ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىش مىللەتكە زىيان كەلتۈرۈش ۋە خائىنلىقتۇر.

[ئەسلىدىكى سۆھبەت]

سوئال: بىزدە بىر مەزگىل ئاتالمىش «مودېرنىزمچە شېئىرلار»مەيدانغا كېلىۋىدى، بەزى ئوبزورچىلىرىمىز بۇ ھەقتە ھەدەپ بەس-مۇنازىرىلەرنى قانات يايدۇرۇۋەتتى. سىز مودېرنىزم پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە

كۆرسەتكەن تەسىرىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ئۇزۇن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن مودېرنىزمنىڭ تەسىرىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. ھەممەيلەنگە ئايانكى، بىزنىڭ ئارىمىزدىن مودېرنىزمدىن ئەتراپلىقراق خەۋەردار بولغانلاردىن بىر نەچچىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. مودېرنىزمنى ھېچكىم بىلمىسە، قانداقمۇ مودېرنىزمنىڭ تەسىرىدىن ئىبغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ سىز ئېيتقان ئاتالمىش مودېرنىزمچە شېئىرلار بارلىققا كەلگەن چاغلاردا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بەزى شائىرلارنىڭ ۋە بەزى ھازىرقى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ شوئار خاراكتېرىدىكى بەزى ئەقلىيە سۆزلىرى بىزدىكى مودېرنىزمچى بولۇۋېلىشنى ئويلاپ يۈرگەنلەر ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن. ئۇلار تا ھازىرغىچە ئاشۇ شوئارلارنى تەكرارلاپ يۈرۈشىدۇ. كېيىن ھېس قىلىپ يەتسەم، ئۇلار ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن. ئەڭ ئاددىيسى ئۇلار ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي كەلگەن «سەنئەت چۈش دېمەكتۇر» دېگەن سۆزنى مەن بىر نەچچىسىدىن سوراپ باقسام، ئېنىقلاندىكى، ئۇلار بۇنى «سەنئەت ئەنە شۇنداق قالايمىقان نەرسە دېگەن سۆز» دەپ چۈشىنىدىكەن. بۇ تېخى ئاتالمىش مودېرنىزم ھەۋەسكارلىرى ئىچىدىكى ئاۋانگارتلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى. ئۇلار ھەتتا بۇ سۆزنى ئېيتقان ئاۋستىرىيىنىڭ نېرۋا كېسەللىكلەر دوختۇرى فرېئودنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن. فرېئودنى پەيلاسوپ ياكى شائىر دەپ ئويلايدىكەن. فرېئودتىن ئىبارەت بىر دوختۇرنىڭ بۇ سۆزى ھەرگىزمۇ بىرەر شائىرنىڭ خام خىيال بىلەن تولغان كاللىسى توقۇپ چىقارغان شېئىرىي سۆزلەرگە ئوخشىمايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ تېنىنى كۆزنى مەت قىلماي تۇرۇپ پارچىلايدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى سوغاققان بىر دوختۇرنىڭ نۇرغۇن يىللىق تىببىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە چىقارغان يەكۈنى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا سىگموند فرېئودنى تونۇشتۇرغان ئىككى بەتلىك بىر ماقالا ئېلان قىلىنغانىدى. شۇ ئىككى بەتلىك ماقالە بىلەن نۇرغۇن ئادەم فرېئودزمچى بولۇۋالدى. مەن گۇڭگا شېئىرچىلارغا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى،بىر-ئىككى بەتلىك تەرجىمھال ياكى ئاتالغۇ ئىزاھاتى بىلەن شائىر بولىۋالغىلى،بولۇپمۇ مودېرنىزمچى بولىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەنە شۇ تەرجىمھال ياكى ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بەرگەن ماقالىلەردىن كۆرىۋالغان بەزى سۆزلەرنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمەي يادلىۋېلىپ ۋە باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ يۈرمەڭلار. فرېئود ۋە كارل ياڭلارنىڭ كۆز-قاراشلىرى ئىنتايىن زور ۋە مۇرەككەپ بىر ئىلمىي سېستىما .ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىدە بۇرۇلۇش ياسىغان بۇنداق ئىلمىي سېستىمىنى چۈشىنىش ئۇچۇن ئوقۇشلا ئەمەس، تەتقىق قىلىشقا توغرا كەلگەن يەردە، سىلەر ئېغىزىڭلارغا كەلگەننى دەپ، ئۆزۈڭلارنى بىلىمدار كۆرسىتىپ يۈرسەڭلار،

تاسادىپىي ئۇنىڭدىن سەل خەۋىرى بار بىرەرسى چىقىپ قالسا سىلەرنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ .

80-يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك فرېئۇد، سارترې، شوپېنخاۋرلارنىڭ ئەنە شۇنداق مەشھۇر سۆزلىرى ئۈزۈپلا ئېلىنىپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغۇدەك قىزىل كۆزلۈك، مالىمانچىلىق ۋە قاشقاشلىقنى شەكىللەندۈردى. بەزىلەر بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، بىراق مودېرنىزمدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئىلاجىسىز ئۇلارنى كاپىتالىزمنىڭ مودېرنىزمنى قوبۇل قىلدى، دەپ پۈتۈنلەي سىنىپىي كۈرەش نۇقتىسىدىن چىقىپ پىپەن قىلدى. پەقەت مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۆگىنىپ قالغان سىنىپىي كۈرەش ئىدىيىسىدىن سەل نومۇس قىلغان بەزىلەر بولسا ئىلاجىسىز مىللەتچى بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە قارشى چىقتىڭ، دەپ رەنجىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مودېرنىزمچى ھېسابلىۋېلىشىغا تېخىمۇ ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

[ئىزاھات]:

كىشىلەرنى بىزار قىلغان سولچىل كوممۇنىستىك ئىددىيە كىشىلەرگە ياقمىغاچقا گۇڭگا شېئىرچىلارنى كاپىتالىزمدىن ئېلىپ كەلدى دېگەن گەپ ئاقمىدى، مىللەتنىڭ ئەنئەنىسگە قارشى چىقتىڭ دېگەن گەپ كىشىلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ئاز-تولا بازار تاپقان بولسىمۇ، بىراق ھەر ئىككىلا قاراش ماھىيەتتە گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ ئاۋانگارتلىقنى ئېتىراپ قىلىش بولۇپ قالدى .چۈنكى ئۇلارنى كاپىتالىزم دىگۈچىلەرمۇ ۋە مىللىي ئەنئەنىگە قارشى دىگۈچىلەرمۇ ئۆزلىرى ئېيتقان كاپىتالىزمنىڭ ئەدەبىياتىدىنمۇ، مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىدىنمۇ ئانچە ساۋاتلىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئالدىنقىسى نەزەردە تۇتقان پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتى بىلەن كېيىنكىلەر نەزەردە تۇتقان مىللىي ئەنئەنە ماھىيەتتە بىر گەپ ئىدى. چۈنكى ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان، ئەمەلىيەتتە يىرىم ئەسىردىن بېرى باشقىلار تەرىپىدىن تېڭىلغان ئىنقىلابىي رېئالىزم ئۇسلۇبىنى، ئۆزلىرى قوللانغاچقىلا ئەنئەنە دەۋالغان. بۇ ئەنئەنە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي پسىخىكىسى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنە ئەمەس.

ھېچكىمنىڭ ھەممە ئادەم قوللىنىۋاتقان ياكى جەمئىيەتكە ئومۇمىلىشىپ كەتكەن نەرسىسىنى تىل تەككۈزگىلى بولمايدىغان ئەنئەنە دەۋېلىپ، باشقىلارغا، مەن ماڭغان يولدا ماڭساڭ ماڭدىڭ، بولمىسا مەۋجۇت بولۇشۇڭغا يول قويمايمەن دەپ بېشەملىك قىلىش ھوقۇقى يوق.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا غەلىتىلا بىر خىل مودېرنىزم قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. بۇ ئادەمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش، ھەتتا ئەقىلگە سىغمايدۇ دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا مودېرنىزم تېخى تەتقىقات ئۈستىدىكى نەرسە. چۈنكى، مودرنىزم ئۇنچە ئاددىي بىر خىل ماھارەت ياكى ئىددىيە ئەمەس. «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغىنىغا ئەمدىلا ئون نەچچە يىل بولدى. ئەگەر مودېرنىزمنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا-86 يىلىدىن باشلاپ شەكىللەندى دېسەك (بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئاتالمىش مودېرنىزم دەپ قارالغان ساختا مودېرنىزم، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مودېرنىزم شەكىللەندى دېيىشكە بولمايدۇ). دېمەك، «دۇنيا ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنىپ بەش يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا «مودېرنىزم شەكىللەندى». بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە، بۇ ژۇرنالنىڭ ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرى ۋە ئاخىرقى بەتلىرىگە كاۋاك چالمىسى ھېسابىدا مودېرنىزمنىڭ بەزى ئەدەبىي ئېقىملىرى توغرىسىدا ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىش خاراكتېرىدىكى بىرەر بەت ھەتتا يېرىم بەتلەرچە چۈشەندۈرۈشلەر بېسىلغاندى .خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە مەن بۇنىڭغا بىرەر ئادەمنىڭ «زادى نېمە گەپتۇ؟» دەپ قىزىقىپ باققانلىقىنى ئاڭلىمىغاندىم. مودېرنىزمدەك ئەنە شۇنداق خىلمۇ-خىل ئىددىيىۋى ئېقىملار ئۆز-ئارا گىرەلەشكەن مۇرەككەپ مەدەنىيەت سېستىمىسىغا نىسبەتەن ئەگەر قىزىققۇچىلار بار دېسەكمۇ ئەشۇ بىرەر يېرىم بەت نەرسىلەردىن ئېنىقكى بىرنەچچە ئادەم ئىسمى ۋە ئاتالغۇلاردىن باشقا نەرسىلەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئەشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا موېرنىزمنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا يېتىپ ئاشقانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. مودېرنىزمنى ياراتقان مىللەتلەر تېخىچە مودېرنىزم توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتسا، كافكانىڭ سىرلىق ئەسەرلىرى، جايمس جويىسنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مۇرەككەپ قۇرۇلما قاتارلىقلار تېخى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سىر بولۇپ تۇرغاندا، بىز ئەشۇ بىر-ئىككى بەت ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاشلاردىنلا مودېرنىزمنى تامامەن بىلىپ بولۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىساق ۋە ئۇچىغا چىققان مودېرنىزمچى بولۇپ كەتسەك بەكمۇ سەت تۇرىشى كېرەك ئىدى. بىراق تۇيۇقسىزلا مودېرنىزمچىلارنىڭ چۇقانلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ، ئەنئەننى ئىنكار قىلىدىغان بىر توپ باتۇرلار ئوتتۇرغا چىقىپ ئېغىزىغا كەلگەننى كاركىراپ يۈرۈشتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مودېرنىزمنى قاغۇلارچە سۇيئىستىمال قىلىپ، مودېرنىزم دېگەن نام ئاستىدا باشقىلارغا ھەيۋە كۆرستىپ يۈردى. ئەمەلىيەتتە مودېرنىزمنى دەپسەندە قىلدى .ئۇيغۇرلاردا مودېرنىزمنىڭ بەكمۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن بەكمۇ رەنجىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق. بەلكىم بەزىلەر يۇشۇرۇن تەييارلىق قىلىپ،

ھېچكىمگە بىلىندۇرمەستىن مودېرنىزمنى تەتقىق قىلىپ يۈرگەن بولغىيتى دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىشىمىزمۇ ناھايىتى قىيىن. چۈنكى 1986-يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدا ئەخمەتجان ئوسمانىنىڭ كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ تىللىرىنى چاكىلداتقان يازمىلىرى ئېلان قىلىنىپ يۈرگەن شۇ ئايلارنىڭ ئۆزىدە باتۇر روزى ۋە ئىلغارجان سادىقلار ناھايىتىمۇ ئومۇملىشىپ كەتكەن كونا ئۇسلۇپتا، كونا مۇقامدا شېئىر يېزىۋاتاتتى، ئابدۇقادىر جاالالىددىن بولسا «قەشقەر ئەدەبىياتى»دا دەل شۇ چاغلاردا ۋەزىنگە ئاران چۈشۈرۈپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا گەپلەرنى تەكرارلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا نەشردىن چىققان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ يەنە بىر سانىدا ئەخمەتجان ئوسمانىنىڭ كلون قىلىپ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى پەيدا بولۇپ يېغىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردا" مودېرنىزمنىڭ شەكىللىنىشى" «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق سىناق سانى بىلەن يەنە بىر سانى نەشر قىلىنغىچە بولغان ئىككى ئۈچ ئاي ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىش .سىناق ساندىكى ئەخمەتجان ئوسمانىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپلا شۇنى دوراپ يېزىپ يەنە بىر سانغا ئۈلگۈرتۈپ بىر توپ مودېرنىزمچىنىڭ پەيدا بولىشىنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئەدەبىياتقا قانچىلىك دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىز ئىكەنلىكىمىزنى تولۇق ئاشكارىلاپ تۇرۇپتۇ. ئەينى چاغدا تۇرسۇن يۇنۇسمۇ «قانلىق يىللار»نى يېزىپ، بۇ دېراما سەھنىلەردە ئوينىلىپ يۈرگەندى. سىدىقھاجى روزىنىڭ ماقالىلىرىدىمۇ مودېرنىزم دېگەن بۇ ئاتالغۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئارسلانمۇ ئۆزىنىڭ مودېرنىزم ئۇسلۇبى بىلەن رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ ئەسەر يېزىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتمىگەن، ھېزىم قاسىممۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ «ئاق ئېقىمى ئۇسلۇبىدا» ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالماي قالغاندى .ئەشۇ چاغلاردا بىزنىڭ بىچارە ئەدەبىياتىمىزدا كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرگەن ۋە بەس-مۇنازىرە قىلىشىپ يۈرگەن ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىلا بار ئىدى. تۇرسۇن لېتىپمۇ «چىن مودەن» ناملىق دېرامىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك يېزىپ چىققانلىقىدىن پەخىرلىنىپ يۈرگەندى. 86-يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 88-يىلىدا توساتتىنلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «مودېرنىزم ھادىسىسى»نىڭ يۈز بېرىشىنى تۇتۇق شېئىرلار كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىرەر يىل ئىچىدىلا مودېرنىزم قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ بىر توپ ياشلارنىڭ چۇقان-سۈرەنلىرى كۆتۈرۈلە-كۆتۈرۈلمەيلا بىر توپ ئوتتۇر ايالىقلار زامانىنىڭ كەينىدە قېلىشنى خالىماي ھاپلا-شاپلا ئۆزلىرىنىڭمۇ مودېرنىزمچى ئىكەنلىكىنى جاكارلاشتى .بولۇپمۇ تۇرسۇن يۇنۇس ۋە ئارسلاندەك ئەستايىدىل ئەدىبلەرنىڭ مودېرنىزمچى بولىۋېلىشى ئۇلارنى خاراكتىر جەھەتتىلا چۈشۈرۈپ قالماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتتىمۇ چۈشىرىۋەتتى .تۇرسۇن يونۇسنىڭ كېيىن يازغان ئاتالمىش مودېرنزمچە دراملىرىدا «قانلىق يىللار «دىكىدەك كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بەدىي كۈچتىن

ئەسەرمۇ قالمىدى. ئارسلاننىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئارسلاننى ئارسلان قىلىپ تۇرغان تراگېدىيىلىك ئېغىرلىق غايىپ بولۇپ، مودېرنىزمچى بولۇش كويىدا بۇ بىچارىلەر جوكېرلار (ياۋروپالاردىكى بۇرنىغا قىزىل شار تاقىۋېلىپ، كاملاشمىغان ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرىيدىغان تۆۋەن  دەرىجىلىك ئارتىستلار) غا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بەس-مۇنازىرىلەر قانات يېيىپ  كەتتى. بەزىلەر ئەنئەنىۋى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات بىلەن موېرنىزىم ئەدەبىياتىنى ئۆز-ئارا كۈرەش قىلىۋاتقان ئىككى سىنىپتەك، بۇنىڭ بىرى چۇقۇم ھالاك بولۇپ، بىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىشى كېرەكتەك ھېس قىلىشىپ بۇ بەس-مۇنازىرىگە سىنىپىي كۈرەش تۈسىنى بەردى.

ھەي بىچارە مودېرنىزم! دۇنيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كۆتۈرۈلۈپ باقمىغان قىسمەتكە سېنى ئۇچرىتىدىغان بۇنداق بىر مىللەتنىڭ بارلىقىنى  سېنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك، ئەڭ خىيالى ئەسەرلەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ يۈرگەن كاللىسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان بولغىيتى!!!

87-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا مودېرنىزم تۈزۈك تونۇشتۇرۇلماي تۇرۇپلا مودېرنىزمنى تەنقىد قىلىدىغان ماقالىلار يېغىپ كەتتى .چۈنكى،ئۇيغۇرلار موېرنىزىمغا ئۆچ! مودېرنىزمنى ياقتۇر- مىغانلىقى  ئۇچۇن مودېرنىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىمايدۇ. مودېرنىزمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىمىغاندىن كېيىن باشقىلارنىمۇ ئۇنى بىلمەيدىغان قىلىش ئۈچۈن تىللاپ يۈرمىسە بولامدۇ؟ بىلمىگەن نەرسىنى تىللاشنىڭ لەززىتى بىلىدىغان نەرسىنى تىللاشتىن شېرىنراق. چۈنكى بىلمىگەن نەرسىنى تىللاشتا كىشىلەر بىلىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى كېكەچلەپ قالمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سەل بىلسە ئىدى، ئۇنداق ئەركىن ھالدا تىللىيالماي قورۇنۇپ قالغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئەقلىگە  بارىكاللا! ئەنە شۇنداق ئەكسىيەتچى نەرسىنى بىلگەننىڭ نېمە پايدىسى! ئەكسىيەتچى نەرسىنى بىلىشنىڭ ئۆزى ئەكسىيەتچىلىك. ئۇنى بىلمىگەن ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقۇڭ بار. بەزىلەر ئۇلارنىڭ تەنقىدىي ماقالە يازغاندا مىسالغا ئالغۇدەك نەرسە تاپالماي قېلىشنى خالىماي قالغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك  ئۆزلىرىنىڭ مودېرنىزمچى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەنقىدتە تىلغا ئېلىشىغا شارائىت ھازىرلاشتى. (بۇ پەقەت مېنىڭ پەرىزىم. مەن ئۇلارنىڭ مودېرنىزمچى بولۇشتىكى مەقسىتىنى بىلمىگەچكە ئىلاجىسىز ئەنە شۇنداق پەرەز قىلىشقا مەجبۇرمەن .(مودېرنىزمنى بىلىشنى خالىماسلىق سەۋەبلىك مودېرنىزمنى تىلغا ئالغان بارلىق ماقالىلار ھەممىسى بىرلا قېلىپتا. بۇ ماقالىلارنى بىر بىرىدىن پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مودېرنىزمنى تىللىغانلا ئەمەس

ماختىغان ماقالىلاردىمۇ ماقالا يازغان كىشىلەرنىڭ مودېرنىزم توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى بىر نەچچە پارچە ئاتالغۇلار ئىزاھلانغان ماقالىلاردىن زادىلا ھالقىپ كېتەلمىگەن. ئۇلارنى مىللىي ئەنئەنىگە قارشى دەپ تەنقىدلىگەن ماقالىلار بىلەن ئۇلارنى ئەكسىيەتچى، بۇرژۇئازىيىنىڭ، جاھانگىرلىكنىڭ دەپ قالپاق كەيدۈرۈپ تىللىغانلارنىڭمۇ ماقالىلىرىمۇ بىرلا قېلىپتا، ھەتتا كونكېرت گەپ سۆزلىرىدىن تارتىپ ئوخشاش . ئەمتاخۇن: «مودېرنىزم ئەدەبىياتى غەربنىڭ چىرىك ئىددىيىسىنىڭ مەھسۇلى، بۇ چىرىك ئىددىيىلەر سوتسىيالىزم تۇپرىقىغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ ياشلىرىمىزنى چىرىتىپ سوتسىيالىستىك توغرا ئاڭ تۇرغۇزۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ» دەپ يازسا، سەمتاخۇن» :مودېرنىزم ئەدەبىياتى غەربنىڭ چىرىك ئىددىيىسىنىڭ مەھسۇلى، بۇ چىرىك ئىددىيىلەر مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۇپرىقىغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ ياشلىرىمىزنى چىرىتىپ ساغلام مىللىي ئاڭ ۋە غورۇر تۇرغۇزۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ» دەپ ئۇنى جۈملىمۇ جۈملە كۆچۈرۈپ ئەكىلىدۇ. مەن بۇ "مىللەتچىلەر" بىلەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئوتتۇرىسىدا زادى نېمە پەرق بارلىقىنى بىلەلمىدىم. ئاندىن ئەدەبىيات ساھەسىدە يەنە غازات قىلاي دېسە كاپىر تاپالماي يۈرگەن بىر توپ غازاتچىلار پەيدا بولدى. ماۋ زېدۇڭ ئىددىيىسى بىلەن تولۇق قوراللانغان بۇ غازاتچىلارمۇ يەنىلا شۇ گەپنى تەكرارلايدۇ: «مودېرنىزم ئەدەبىياتى غەربنىڭ چىرىك ئىددىيىسىنىڭ مەھسۇلى، بۇ چىرىك ئىددىيىلەر ئىسلام تۇپرىقىغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ ياشلىرىمىزنى چىرىتىپ، توغرا ئىسلام يولىدا مېڭىشىغا توسالغۇ بولىدۇ.» دەپ ئۇلار ئۇيغۇردەك بىر بىچارە مىللەت ئىچىدىن غازات قىلىش ئوبېكتى تېپىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى بۇ غازاتچىلارغا ئۇيغۇر ئىچىدىنلا ئەڭ بىخەتەر، زەربە بېرىش ئەڭ ئاسان دۈشمەننى تاپالايدۇ. بۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك دۈشمەننى يەنە نەدىنمۇ تاپقىلى بولسۇن؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىزنى ئەسكەرتىپ تۇرىۋالسىڭىز ئۇلارنىڭ غازات قىلىشىغا دۈشمەن قالمايدۇ. دېمەك سىز ئۇلارنىڭ غازات قىلىشىغا كاپىر بولغىلى ئۇنىماسلىق ئارقىلىق توسالغۇلۇق قىلغان بولىسىز.

مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى پەقەت غەربنىڭ نەرسىسى دەپ قاراشمۇ بىزگە خەنزۇلاردىن يۇققان. 80-يىللارنىڭ بېشىدا بىر تۈركۈم مۇتەئەسسىپلەر ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىش ئۈچۈن مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى چەتكە قېقىشتا غەرب ۋە شەرق، كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزم دەپ زورلاپ ئايرىپ، مودېرنىزم ئەدەبىياتى دېسىلا ئۇنى غەرب ۋە كاپىتالىزم بىلەن باغلىۋېلىش ئارقىلىق مەقسىدىگە يېتىشكە تىرىشتى. كېيىن جوڭگودا مودېرنىزم توغرىسىدا ھەددى-ھېسابسىز كىتابلار خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىپ بولدى ۋە داۋاملىق نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن خەۋەردارلار كۆپىيىپ ئۇلارنىڭ گېپى ئاقمەيدىغان بولۇپ قالغاندىن كېيىن، بۇنداق

قاھشاشلار غايىپ بولۇپ، ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن بىز ئۇيغۇرلار ئۇلار چايناپ تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرنى قايتا چايناپ ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپتىمىز. بىراق، ھەممىدىن ھەيران قالارلىقى ئۇيغۇرلارغا باشقىلار تۈكۈرۈپ تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرنى چايناۋېرىشىدە ئەشۇ بىر نەچچە بەت ئاتالغۇ ئىزاھاتىنىڭ يېتىپ ئاشقانلىقى. ئۇلار بۇنداق قاتمال ۋە كونا نەرسىلەرنى شۇلارچىلىك ئوتتۇرىغا قويالىسا كاشكى !

يەنە شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ قويايكى، مودېرنىزم ئەدەبىياتى پەقەت غەربنىڭلا ئەمەس. ئۇ بىر دۇنياۋى ئەدەبىيات. ياپونىيە ۋە ھىندىستانلارمۇ مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ موھىم بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى. ئەگەر غەربنىڭ دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان تەقدىردىمۇ غەربتە بىرلا مىللەت بولغان ئەمەس! ئۇلارنىڭمۇ ئوخشىمىغان مەدەنىيىتى ۋە مىللىي خاسلىقى بار. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زور ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش دەل مۇشۇ غەربتە يۈز بەرگەن. ئۇلار بىرلا مىللەت بولغان بولسا بۇنداق زور ئۇرۇشلار بولمىغان بولاتتى. شۇڭا مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن مەلۇم نەرسىلەرنى ئۆگىنىش قايسىدۇر بىر مىللەتكە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. چۈنكى ئۇ بىر مىللەتنىڭ نەرسىسى ئەمەس .

بەزىلەر ئەدەبىياتتىكى مىللىي خاسلىق تىلغا ئېلىنسا، بۇنىڭغا لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ گارسىيە ماركۇزنى تىلغا ئېلىشقا ئامراق. ئەمەلىيەتتە، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ھەممە يازغۇچىسى مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان. ئەگەر مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى ئۆگەنمىگەن بولسا لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنى بولمىغان بولاتتى. گارسىيە ماركۇز دائىم ئۆزىنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر پېشىۋاسى فرانز كافكا ۋە سۇررېئالىزمچى يازغۇچىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىسىز لاتىن ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، لاتىن ئامېرىكىسىدا ئىلگىرى كىشىلەر نىمىش قېتىكەن؟ 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ ئەدەبىياتىدىكى پارتلاش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئامېرىكىلىقلارمۇ ئۇلاردىن ئۆگەندى. ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم پېشىۋالىرىدىن بىرى بولغان جون بارس «ئەدەبىياتنىڭ خارابلىششى» ناملىق ماقالىسىدا: ئەدەبىيات خارابلاشتى، ئەمدى بىز يېڭى بىر چىقىش يولىنى پەقەت لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتىدىنلا تاپالايمىز دېگەن. ئامېرىكىلىقلار لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئۆگىنىپ لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئۆگىنىپ لاتىن ئامېرىكىسىغا ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتىمۇ؟ يالغان مىللەتچىلىك ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىشكە ھورۇنلۇق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى يوشۇرۇشنىڭ بىر باھانىسى. بىز ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىنى يازىمىز .ئۇيغۇر ئارىسىدا ياشىغان

ئادەم باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى يازىمەن دېسىمۇ يازالمايدۇ .ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا بەلكىم ئۆز تىلىمىز ۋە مىللىي پىسخىكىمىز ئىچىدىكى نۇرغۇن كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە ۋاستىلەرنى ۋە بايلىقلارنى كىشلەرنىڭكىنى ئۆگىنىپ، سىڭىشتۇرغاندىن كېيىن بايقىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، گارسىيە ماركۇز فرانز كافكانىڭ ئەسەرلىرىدىكى سىرلىق ۋە بىمەنە كەيپىيات ۋە ھادىسىلەرنىڭ تەسۋىرلىنىشىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنىڭ رېئاللىقىدا تولۇپ تېشىپ تۇرغان ئاشۇنداق بىمەنە ۋە سىرلىق ھادىسىلەرنى يازسا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. بولمىسا ئۇ ئەدەبىياتنى كونا ئۇسۇل بويىچە چۈشىنىپ، ئۆز رېئاللىقىدىكى ئىشلارنى يېزىشنى ئويلىمىغان بولاتتى. بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەگەر ئەدەبىيات پەقەت پەندى نەسىھەت ياكى سىياسىي شۇئار دەپ قارىلىۋەرسە كىشلىرىمىز ئەتراپىمىزدىكى رېئاللىقتىن ۋە كىشلەرنىڭ قىسمىتىدىن مەلۇم نەرسىلەرنى يېزىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلماي، ئاتام ئېيتقان بايقىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ .

ئەڭ مۇھىمى يەنىلا ئۆگىنىش. مەيلى نېمىنىلا بولسۇن بىزدە ئۆگىنىش كام. شۇڭا مەن بۇ سۆھبەت خاتىرىسى ئارقىلىق، مودېرنىزم ھەققىدە توختىلىشنى چوڭ بىلىپ مۇدا قىلىۋالغان لېكىن ئۇنىڭدىن ئانچە ساۋادى يوق بەزى تەتقىقاتچىلارغا ئىزاھلىق لۇغەتلەر بىلەنلا ئوبزورچى بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغۇم كېلىپ قالغان ئىدى. بەلكىم بۇ ئىچىمىنىڭ تارلىقىدىن ياكى قاپىقىمىنىڭ نېمە ئۈچۈن بېزى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغانلىقىمدىن بولغان بولسا كېرەك.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە كىشىلەر قالايمىقان يېزىلسىلا مودېرنىزم بولىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرگەن بولسا كېرەك ئاتالمىش مودېرنىزملىق ئەسەرلەر جۆيلۈشلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. مېنىڭچە ئەسەرلەرنىڭ جۆيلۈشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئالگ ئېقىمىنىڭ مەشھۇر باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان گىگانىت يازغۇچى جامىس جويىسنىڭ» پىنىنگىنىنىڭ ئويغىنىشى» ناملىق ئەسىرىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ جۆيلۈشرىلىرى بىلەن تولغان ئەسەر، بىراق بۇ ئەسەردىكى جۆيلۈشلەر جويىسنىڭ 16يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى. ئەنە شۇ ئەسەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن 16يىل باش چۆكۈرۈپ كىتاب كۆرگەن، تىل ئۆگەنگەن، ئاللىقاچان ئۆلگەن قەدىمكى سانسكرىت تىللىرىنى، قەدىمكى بۇددا نوملىرىنى ئۆگەنگەن. بىراق بىزچۇ؟ بىزنىڭچە جۆيلۈش دېمەك قالايمىقان سۆزلەر. شۇڭا بىز قەستەن قالايمىقان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، ھەتتا، پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ قالغان سۆزلەردىمۇ چىڭ تۇرۇۋېلىپ، بۇ مېنىڭ ئۇسلۇبىم، قانداقتۇر، مەن يېڭىلىق ياراتتىم دەپ مەيدىمىزنى كېرىپ يۈردۇق. بىر تۈركۈم مودېرنىزمچىلار ئەنە شۇنداق گەپلەرنى چالا-بۇلا ئاڭلىۋېلىپلا «ھە

مودېرنىزمچى ياغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى قالايمىقان ئىكەن. جۆيلۈش بىلەن تولغان ئىكەن، شۇڭا قالايمىقان يېزىۋەرسەملا مودېرنىزمچى بولىدىكەنمەن» دەپ قاراپ، ئەسەرلىرىدىكى سۆزلەرنى قەستەن قالايمىقانلاشتۇرۇپ يۈردى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىقلار دۇنيادا ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتۈپ بولغان مودېرنىزمغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يەنىلا يېقىن كېلەلمەيدىغان قىلىپ قويدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوتتۇرغا چىققان بىر تۈركۈم ساختا مودېرنىزمچىلار (ئەخمەتجان ئوسمان،ئابدۇقادىر جالالىدىن،باتۇر روزى... قاتارلىقلار) نىڭ چۇقانلىرى قاتتىق داغدۇغا قوزغاپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئەركىن ئەمەتنىڭ بىر بۆلۈك ھېكايىلىرى «تارىم» ۋە «تەڭرىتاغ «ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغاندى. كىشىلەرنىڭ چۇقۇم دىققىتىنى قوزغىشى كېرەك بولغان بۇ ئەسەرلەر توغرىسىدا تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ بىر قوساق ئىنىسىدىن باشقا ھېچكىم بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشنى خالىمىدى. ھەتتا ئۇ دەھشەتلىك تۈردە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئارقىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ پاجىئە ئۇيغۇرلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. مەن ئۇ ھەقتە ماقالە يازسام بىر ژورنالنىڭ مەسئۇلى مېنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، بۇندىن كېيىن مەتبۇئات يۈزىدە پەرھات تۇرسۇن ئىسمىنى كۆرۈلمەيدىغان قىلالايدىغان جاسارىتىنى ئىپادىلىدى. مېنىڭچە خۇددى تاۋۇس ئەللەيىن يامغۇردا يۇيۇلۇپ كېتىپ بەدىنىدىكى رەڭلەر ئۆچۈپ ئەسلي قىياپىتى ئاشكارە بولۇپ قالغاندەك، مودېرنىزمچى بولىۋالغانلار ھەقىقي مودېرنىزمغا دۇچ كېلىپ قالغاندا تۈكلىرى بوياقنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىشىدىن قورقتى بولغاي بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى .ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشقا تىرىشىدىغان بولدى.

ئاتالمىش سېھرىي رېئالىزمچى، مىللىي روھنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئەزىمەتلەر گارسىيە ماركۋېزنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانى نەشر قىلىنىشى بىلەن تەڭلا ئۆچۈپلا كەتتى. (ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە«سايقىپ كەتتى»بۇ يەردە نېمىنىڭ سايقىپ كەتكەنلىكىنى ئېغىزغا ئېلىشتىن ئادەم نۇمۇس قىلىدۇ.) بىراق ئۇ ھېلىمۇ يەنىلا مودېرنىزمنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئەشۇ ياسالما سىمۋول بىلەن تولغان، ئابىستراكىت شوئارلارنىڭ ئاددى ھالدا سىمۋوللاشتۇرىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرىكى بىر ئەسەرنى ئۇنتۇيالماي يۈرۈيدۇ. بەلكىم دائىملا زورلاپ ئېسىگە ئېلىپ تۇرسا كېرەك. چۈنكى بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ كۆككە كۆتۈرۈلىشى باشقا مودېرنىزمچىلارنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرىشى ئۈچۈن پايدىلىق. مودېرنىزمنىڭ گۇپپاڭچىلىرىدىن بولغان كېرىمجان ئابدۇرېھىمدەك ئوبزورچىلارنىڭ ساختا مودېرنىزمچىلارنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرىشىغا شۇ قەدەر كۈچەپ كېتىشىدىكى سەۋەپ شۇكى ۋە مودېرنىزمنى بەكمۇ چوڭقۇر

چۈشىنىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ بىلمىدانلىق قىلىشقا بۇنىڭ پايدىسى كۆپ. شۇڭا ئۇلار بار كۈچى بىلەن تولىمۇ ئادەتتىكىچە بولغان بەزى ھېكايىلەر ئىچىدىن مودېرنىزمنى ئويدۇرۇپ چىقارسا چىقىرىپ، باش چۆكۈرۈپ بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاتالمىش ھازىرقى زامان ئەپسانىسى دېگەندەك نەرسىلەرنى قانداق قىلىپ تېڭىشنى پىلانلايدۇ.

[ئىزاھات: بۇ يەر قىسقارتىلدى. ئەسلىدە يۇقۇرىقى قاراشلىرىمنىمۇ مىساللار بىلەن تەمىنلەپ چۈشەندۈرسەم ياخشى بولاتتى. لېكىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر نەرسە يېزىشنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇڭا دۈشمىنىمنى كۆپەيتىۋېلىشتىن قورقتۇم. مېنىڭ ھېچكىم بىلەن دۈشمەنلەشكىم يوق. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يالغۇز بىرلا ئادەمنىڭ بولمىغاندىكىن ئۇ توغرىلىق گەپ قىلسام كىشىلەر ئۆزىگە ئېلىۋالمىسا بولاتتى. لېكىن بىزدە بۇنداق پەزىلەت بەكمۇ ئاز].

ئەمەلىيەتتە يىغىنچاقلاپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۆلىرىنى مودېرنىزمچى دەپ ئاتاپ يۈرگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆككە كۆتۈرگۈچى گۈپپاڭچىلىرى ئىچىدە ئەدەبىياتقا سەللا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن قارايدىغانلاردىن بىرەرىمۇ بار بولمىسا كېرەك. بۇلار توغرۇلۇق تەپسىلىي توختالساق گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇنىڭغا كەلتۈرۈلىدىغان مىساللار چەكسىزلىككە ئىگە. ھەممىدىن ئېچىنىشلىقى ئۆزى بىلىدىغان ئۇسلۇپ بىلەن ھەرھالدا يامان ئەمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ كېلىۋاتقان بەزى يازغۇچى شائىرلار يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىمەن دەپ تويۇق يوللارغا كىرىۋېلىپ، باللارچە قىلىقلارنى قىلىپ يۈردى. بۇنى بىز بايا جوكېرغا ئوخشىتىپ ئۆتتۇق. ئەمدى بۇنىڭغا بەزى مىساللارنى ئالاي:

1989-يىلى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2-سانىدىكى تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ ئاتالمىش «مودېرنىزملىق دىراما»سى «دۇنياۋى تىلسىمات»نىڭ بېشىدىكى بىر-ئىككى بېتىككە كۆزۈم چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ دىرامىدا بىر قىزنىڭ:

بەزىلەر ئۆلدى،

ئەمما ئۇ ھايات،

بەزىلەر تىرىك،

لېكىن ئۇ ئۆلگەن.

دېگەن مىسرالارنى دېكلىماتسىيە قىلغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە. پرولتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي شائىرى زاڭ

كېچىيانىڭ بۇ شېئىرى كۆپىنچە كىشلەرگە تونۇشلۇق. بىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغدا تىل-ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە بار ئىدى. مودېرنىزمنى ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بۇ ئىنقىلابىي شائىرنىڭ«بەزىلەر»دېگەن شېئىرى بۇ درامىدا ياۋروپانىڭ تۇتۇق شېئىرلىرى دېيىلگەن. بەلكىم ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى ئاشۇ شېئىرلاردىن باشقا شېئىرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا بۇ يەردە مىسالغا ئېلىشقا باشقا نەرسە تاپالماي قالغاندۇ) .بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ قويايكى، زاڭ كېجىيا 80-يىللارنىڭ بېشىدا جۇڭگودا كۆتۈرۈلگەن گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىگە چىش تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغان. تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ بۇ يەردە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي شوئار بىلەن تولغان شېئىرىنى گۇڭگا شېئىر دەپ تىلغا ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ساتىرىك مەنىگە تويغان. مەن تېخى قايسى كۈنلا» جەنۇب ئازنىلىقى» ناملىق داڭلىق گېزىتكە بېسىلغان جاڭ جيەن ۋە ۋەن جىڭلارنىڭ» شېئىرىيەت مۇنبېرىدىكى نەزىرىيۋىي قىلىچۋازلىقنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ماقالىسىدىكى 80-يىللار شېئىرىيەت دولقۇنىنى ئەسلەپ يازغان مۇنۇ قۇرلارنى كۆرگەن ئىدىم:

»ئەينى چاغدا زاڭ كېجيا قەتئىي ھالدا: گۇڭگا شېئىرلار شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى بىر ناتوغرا ئىستىل، بىزنىڭ يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەتۈر ئېقىم، دەپ قارشى چىققان ئىدى«.

»جەنۇب ئازنىلىقى南方周末 «گېزىتىنىڭ 2007-يىل 3-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ(.

ئەينى چاغدا ھەممە نەرسىنى مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى غايەت زور ئىش قىلىۋېلىپ زورۇقىدىغان كىشلىرىمىز گۇڭگا شېئىر ھادىسىسىنى ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە سەھنىلەرگە ئېلىپ چىقىپ، دراما، ئىنتۇتلارنى ئورۇنلاپ كېتىشى ھەممىدىن قىزىق. ھەتتا مەمتىمىن ھوشۇر گۇڭگا شېئىرچىلارنى مەسخىرە قىلىپ «قىرلىق ئىستاكان «ناملىق ھېكايە يازدى. لېكىن ھەممىدىن قىزىقارلىق يېرى، گۇڭگا شېئىرچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن شائىرغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ھايت ھۇيت دىگۈچە مەمتىمىن ھوشۇر تەرەپكە ئۆتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بۇ ھېكايىسىنى چەكسىز كۆككە كۆتىرىپ ئۆزىنىڭ خۇدىكىنى يوشۇردى. مەن تۇرسۇن يۇنۇسنىڭ زاڭ كېجيانى مودېرنىزمچى دېۋالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مودېرنىزمنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەندىم، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ مودېرنىزمنىڭ ئاز-تولا تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ ئەقلىمگە سىغمىغاندى. بىراق مودېرنىزمنىڭ نېمىلىكىنى قىلچە بىلمەيلا قالماستىن رېئالىزىمنىڭ، رومانتىزمنىڭ نېمىلىكىنى؛ ھەتتا ئەدەبىي ئەسەر بىلەن پىيەن ماقالىسىنىڭ پەرقىنىمۇ بىلمەيدىغان، خەت ساۋاتى بار يوقلىقىمۇ بىر نېمە دېگىلى

بولمايدىغان ھەددى -ھېسابسىز مودېرنىزمچى شائىرلار، يازغۇچىلار ئاپەتتەكلا يېغىپ كەتتى. بىر موللامنىڭ ئايغا مەسچىت سالالمايدىغانلىقى ھەممە ئادەمگە ئايان، چۈنكى ھەتتا گېزىت كۆرۈشنى بىلمەيدىغان دېھقانلارمۇ ھازىر كىشلەرنىڭ ئايغا، مارسقا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى بىر-بىرىدىن بولسىمۇ ئاڭلىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق خەۋەرلەر تارقىلىپ يۈرگىلى ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنى مودېرنىزمنىڭ ئاۋانگارتى دەپ ئويلايدىغان بىرى «نوچى بولساڭ ئايغا مەسچىت سېلىپ باققىنچۇ قېنى!» (پولات ھېۋىزۇللا) دېگەندەك موللاملارنى تەنقىد قىلىدىغان جۈملىلەرنى يېزىپ يۈردى. 1991 -يىلى مەن كورلىدا ئېچىلغان «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» يىغىنىدا بىر نەچچە كىتابى نەشر قىلىنغان بىر ئاتاقلىق يازغۇچىنىڭ مودېرنىزمغا بەرگەن باھالىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم قاتتىق غەش بولۇپ بىر نەچچە كۈن ھېچكىمگە گەپ قىلماي يۈرگەندىم. ئۇ يازغۇچى ئۇ يەردە ھېچ تارتىنماستىنلا «مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى ھېمىڭۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» دېگەن ئەسىرى قالتىس ئەسەر، ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭقۇر مەزمۇنلار بار...» دەپ سۆزلىدى. ھېمىڭۋاينى مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى دەپ قارايدىغان بۇنداق قارا قورساق ئەبلەخنىڭ گېپىنى ھەممە ئادەم پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا خاتا سۆزلىدىڭ دېمىدى. مودېرنىزمدىن شۇ دەرىجىدە خەۋەرسىز بۇ مەلئۇن يۈزىنى داپتەك قىلىپ تۇرۇپ ئەشۇ يەردە ئانىسىنىڭ ھەققى باردەك يەنە مودېرنىزم ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلدى. بۇ ئىشلار مېنى قاتتىق بىئارام قىلغان ھەم ئۈمىدسىزلەندۈرگەندى. بىر قېتىم مەن پۇشكىننىڭ بىر نەچچە پارچە شېئىرىنى تەرجىمە قىلغاندىم. ئۆزىنى ئەنئەنىچى ھېسابلايدىغان، خېلىلا داڭقى چىققان بىر شائىر ئۇنى كۆرۈپ گۇڭگا شېئىر ھېسابلاپ بىر مۇنچە ئاغرىندى. كېيىن مەن «بۇ پۇشكىننىڭ شېئىرلىرى» دېسەم ئۇ يەنە چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ «ياۋروپالىقلارنىڭ شېئىرلىرىغۇ ساپلا مودېرنىزم» دېدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇرلاردا مودېرنىزمنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىنمۇ؟ لېكىن بىز ئەمدى قوپۇپ مودېرنىزم بىلەن خوشلىشىش كېرەك، ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دەۋاتىمىز. بەلكىم بۇ كىشلەرنىڭ ئەرۋايىنى ئۇچۇرار...لېكىن بۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشتىن يانماسلىق كېرەك. بەزىلەر مېنىمۇ مودېرنىزمچىلارنىڭ بىرى دەپ قارىشىدۇ. بىر نەچچە قېتىم «تارىم» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ھەدەپ مودېرنىزمنىڭ كەتمىنىنى چاپقان ئىدىڭ، ئەجەبا ئەمدى مودېرنىزمغا قارشى بولۇپ قاپسەنغۇ دېگەن سۆز ئوتتۇرغا چۈشۈشى مۇمكىن. مەن مودېرنىزمغا قارشى ئەمەس، چۈنكى ئۇ مەۋجۇت. ھەممە نەرسىگە بولغان تۇيغۇنى قوللاش ۋە قارشى تۇرۇش دېگەن ئىككى ئاتالغۇ بىلەنلا ئىپادىلەشكە كۆنگەن كىشلىرىمىز مېنىڭ مودېرنىزمغا تۇتقان پوزىتسىيەمنى قارشى

تۇرۇش دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەشتىن باشقا ئامالنى قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئەينى چاغدا ئەشۇ يىغىنلاردا بەزىلەر تەرىپىدىن مودېرنىزم بۇرمىلاندى، ئۇلار نۇرغۇن خاتا سۆزلەرنى قىلغاندى، مەن پەقەت ئۇنداق ئەمەس دەپ مودېرنىزمنىڭ زادى قانداقلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. بۇ خۇددى مەمەتنى باشقىلار سەمەت دەپ تۇرۇۋالسا مېنىڭ ياق ئۇ مەمەت دەپ تۈزەتكىنىمچىلا بىر ئىش ئىدى. بىراق كىشىلەر سەن ئۇنىڭ ئاغىينىسى ئىكەنسەن شۇڭا ئۇنى مەمەت دېدىڭ دەپ مەندىن خاپا بولدى. بەزىلەر مېنىڭ تامامەن ئامىباب ئەدەبىياتقا ياتىدىغان «ھالاكەت» دېگەن ئەسەرلىرىمنىمۇ مودېرنىزم قىلىۋالغانىدى. مېنىڭچە بۇلار توغرۇلۇق تەپسىلى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. باشقىلارغا ئامىباب ئەدەبىياتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلگەنىنىڭ ئۆزى مېنىڭ يېزىۋاتقان مۇشۇ ماقالامنىڭ پۈتۈنلەي ئاقمايدىغان ئىشلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە يېتىپ ئاشىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم قارا قورساقلىق بىزنى قىينىماقتا. مەن بۇ يەردە مودېرنىزمنى بىلمىگەنلەر قارا قورساق دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن بىلمەي تۇرۇپ ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا يۇقۇملۇق كېسەل ئېلىپ كېلىدۇ.

]ئەسلىدىكى سۆھبەت[

سوئال: بىز سىزنىڭ غەرب پەلسەپىسى ۋە ئەدەبىياتىنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى بىر قەدەر چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمىز، ئەجەبا ئۇلار باشقىلارنى، بولۇپمۇ ياش ھەۋەسكارلارنى كولدۇرلىتىپ يۈرگەندە، سىز كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرغا چىقىپ لىللا گەپتىن بىرەرنى قىلىپ قويمىدىڭىزغۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئەيىبلىك ئەمەسمۇ؟

جاۋاب: سىز بىلىسىز، 1987،1988- يىللىرىلا بىز بېيجىڭدىكى ۋاقتىمىزدا بۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىشنى ئويلاشقان، لېكىن بۇنى سەل ئەھمىيەتسىز دەپ ئويلىغانىدىم. چۈنكى، مودېرنىزم ۋە ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى بەزى ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرىدىغان كىتابلار گۇڭگا شېئىر قىزغىنلىقىنىڭ نەتىجىسىدە نەشر قىلىنسا، كىشىلەر ھەقىقىي مودېرنىزمدىن خەۋەردار بولسا، ئۇلار ئۆزلىكىدىنلا رەسۋا بولىدۇ، دەپ خاتا مۆلچەرلەپتىمەن .بولۇپمۇ بەزى دوستلىرىم مېنى توسۇپ: «بولدى، بىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى،بۇ ۋاقىت ئاجراتقۇدەك ئەھمىيىتى بار ئىش ئەمەس» دېگەندى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئېرەن قىلماپتۇق. گۇڭگا شېئىرلارنىڭ بۇنچە يامراپ ئاپەت

بولۇشىنى ئۈيلىمىغان ئىكەنمىز .كېيىنچە بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈدۇم. ئالىي مەكتەپلەردە ئەخمەتجان ئوسمان،باتۇر روزى، ئابدۇقادىر جالالىدىنلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى قومدەك كۆپ ئىكەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، ساختا بىلىمدارلىق بىلىمسىزلىكتىن نەچچە ھەسسە خەتەرلىك. مەن بىر-ئىككى ماقالە يازغان ئىدىم. بىراق، ئېلان قىلدۇرمىدىم. چۈنكى، بىر نەچچە يىلدىن بېرى بىزدە مۇنداق بىر كەيپىيات شەكىللەندى، يەنى سىز بىرەرىنى تەنقىدلەپ ماقالە يېزىپ قويسىڭىز، بالاغا قالغىنىڭىز شۇ! ئۇلار تەنقىدتىن خۇشال بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ،تېخىمۇ كېرىلىپ كېتىدۇ. سىز ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنى كۆتىرىپ چىققان بولۇپ قالىسىز. ئۇلار بىز توغرۇلۇق بەس-مۇنازىرە قىلدى، دەپ سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن سىز تەنقىدلىگەن نەرسە كىشلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، بىز قىززىق نۇقتا شەكىللەندۈرىدىكەنسىز. سىز» پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن چۆچەكنى ئۇقۇغانمۇ؟ گۇڭگا شېئىرچىلار ئەشۇ چۆچەكتىكى ئىككى ئالدامچىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئالدامچىلار «پادىشاھنىڭ كىيىمنى كىم كۆرەلمىسە، شۇ ئۆز سالاھىيىتىگە لايىق ئەمەس» دەپ ئالدىن ئۇلارنىڭ راست گەپنى قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىۋالغىنىدەك، ئۇلارمۇ ئالدى بىلەن «شېئىرلىرىمىزنى چۈشەنمىگەنلەر بىلىمسىز» دەپ جاكارلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلار سالاھىيىتىگە لايىق ئەمەس دەپ قارىلىشتىن ئەنسىرەپ غىڭ قىلالمىدى. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كىشلەر ئاساسەن ئۇنى چۈشەنگەن بولۇۋالدى. ئۇلارنى تەنقىدلەپ ماقالە يازغانلارنى ھېچقايسىسى «پادىشاھنىڭ كىيىمى يوقكەن» دېيەلمىدى. پەقەتلا «پادىشاھقا كىيىم ياراشمىدى، بۇ كىيىم ئۇيغۇرچە كىيىم ئەمەسكەن» دېدى. ھەتتا قۇربان بارات ئاكىمۇ بۇ كىيىم ئوغۇرلاپ كەلگەن كىيىمكەن يەنى ئۇلار غەربنىڭ مودېرنىزمنى كۆچۈرىۋالدى، دەپ ئاغرىنىپ يۈردى.

سوئال: سىزنىڭ گېپىڭىزدىن ئۇلارنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرى ساختا مودېرنىزم دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ يازغانلىرىغا نىسبەتەن سىز قانداق كۆز قاراشتا؟

جاۋاب: ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ساختا مودېرنىزم دېيىلسە، بەلكى ئۇلار ماختانغان بولۇپ قالار. ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ مۇنداق بىر نەچچە سۆز بىلەن باھالاش مۇمكىن:① ساختىلىق،② ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ئۇيۇنى،③ پۇچەك.

سوئال: بۇلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ باقامسىز؟

جاۋاب: ساختىلىقنى ئەدەبىياتلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت كەچۈرمەيدۇ. قەدىمقى دەۋرلەردىمۇ، ھازىرقى

دەۋردىمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق. ساختىلىق ئەدەبىياتنىڭلا ئەمەس، ئەڭ ئەقەللىيسى بىر نورمال ئادەم بولۇشنىڭمۇ ئەڭ ئاددىي تەلىپىگە زىت. گۇڭگا شېئىرچىلار بولسا ساختىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەجەللىك يېرى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئىنساننىڭ ھېس-تۇيغۇسى ھەتتا خام-خىيالىنى ئىپادىلەشتىمۇ چىنلىق يوق .قالايمىقان سۆز دۆۋىلىرىنى كۆرۈپ بەزىلەر ئۇلارنى جۆيلۈشكە ئوخشىتىشى مۇمكىن . ئەمەلىيەتتە، چۈش بىلەن جۆيلۈشنى چىن ۋە تەبىئىي قىلىپ يازغان بولسا ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولاتتى. چۈنكى چۈش ۋە جۆيلۈشمۇ ئىنساننىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنىڭ بىر قىسمى. ئېلىشىپ قالغانلارنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىمۇ مەلۇم پىسخىك ھادىسە سۈپىتىدە قىممەتكە ئىگە. ئۇ ئاشۇ پېرسوناژنىڭ ياشاش شارائىتى، قىسمىتى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەردىن بېشارەت بېرىدىغان بىر خىل ھادىسە. گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ شېئىرلىرىنى جۆيلۈش دېسەك، ساختا ياساپ چىقىرىلغان جۆيلۈش؛ ئېلىشىپ قالغان چاغلاردىكى سۆزلەر دېسەك، ئۇلارنىڭ ساختا توقۇپ چىققان ساراڭلىقىنىڭ ھەقىقىي ساراڭلارنىڭ قالايمىقان خىياللىرىچىلىك قىممىتى يوق. ئۇلار «ئويغانغاندا دېرىزىدە سايراپ تۇرغان چۈشىنى كۆرىدۇ»، «پۇتلىرىغا چۈشلىرى يۆگىشىپ قالىدۇ»... بۇلار قانداقمۇ ھەقىقىي چۈشكە، جۆيلۈشكە ياكى نېرۋىسىدىن ئاداشقان ئادەمنىڭ خىيالى سېزىمىگە ئوخشىسۇن. چۈش، جۆيلۈش ۋە خىيالى سېزىملارنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان روھىي ئانالىز ئىلمىمۇ ۋە روھىي كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەڭ زامانىۋى ئۇسۇللىرىمۇ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئەگەر بىر پىسخىك ھادىسە سۈپىتىدە تەتقىق قىلسا، ئېنىقكى، ساختىلىقتىن باشقا ھېچنەرسە تېپىپ چىقالمايدۇ. جۆيلۈش ۋە خىيالى سېزىملارنىڭ كەينىدە يوشۇرۇن ئاڭدىكى ناھايىتى كۆپ نەرسىلەر بولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جۆيلۈشلىرى قەستەن ۋە ساختا بولغاچقا ھېچنەرسىدىن بېشارەت بېرەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار يالغان ساراڭ بولماي راست ساراڭ بولغان بولسا بىزنىڭ قارىشىمىز باشقىچە بولاتتى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنى تېپىشماققا ئوخشاتتى. تېپىشماق كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئېچىش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىڭ بولسا تېپىشماقلارچىلىكمۇ قىممىتى يوق. سۆز ئويۇنىمۇ ئەدەبىياتتىكى پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. مەشھۇر ئەدىبلەردىن شېكسپىرنىڭ «ھاملېت» دىرامىسى سۆز ئويۇنىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى بىلەن مەشھۇر. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ سۆز ئويۇنلىرىدىن پايدىلىنىش ئەھۋاللىرى ئۇچرايدۇ. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ سۆز ئويۇنلىرى نوقۇل سۆز ئويۇنى بولماستىن بەلكى مەلۇم نەرسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ سۆز ئويۇنى قۇرۇق دەبدەبىدىن باشقا ھېچنىمىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت

قىلمىغان. ئۇلار قانداقتۇر «سۆزلەر ئارا يېڭى مۇناسىۋەت قۇرۇش» دېگەندەك ئاتلار بىلەن پەقەت سۆزلەرنى بىر-بىرىگە قالايمىقان ئۇلاپ قويۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇلار سەل گۆدەك ئىدى. يەنى، ناھايىتى ئاددى پىكىرلەرنى، ئومۇمىلاشقان كۆز قاراشلارنى، باشقىلار چايناپ ئەبجەقىنى چىقىرىۋەتكەن شوئارلارنى قەستەن چۈشىنىكسىزلەشتۈرۈپ يازدى. ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر كۆتۈرۈۋالغان شوئارى» قىيپالىڭىچ ئىپادىلەنگەندىن، يۇشۇرۇنراق ئىپادىلەنگەن ياخشى» دېگەندىن ئىبارەت .ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر سۆزىنى ئىزىپ-ئىچۈرۈشتىن باشقا، ھېچقانداق نەزەرىيۋى ئاساسى يوق .دېمەك ئۇلار مۇشۇ نەزەرىيگە ئەمەل قىلدى. يەنى بۇرۇن تولا دېيىلىپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنى پەقەتلا يۇشۇرۇنراق ئىپادىلىدى، خالاس. بۇنى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

"ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنىڭ ياقىلىغۇچىلىرى" ئۇلارنى «شوئارنى ئوچۇق يازمىدى» دەپ ئاغرىندى. ئۇلار بولسا: «يۇشۇرۇنراق يازماي، سېنىڭ يازغانلىرىڭنى قايتا يېزىۋەر- گەندىن، سەل يۇشۇرۇپ يېزىپ، يېڭىلىق ياراتقان بولىۋالساق ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ ئۇلارغا مۇشت ئاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يىلتىزى بىر، يەنى شوئار ۋە پەندى-نەسىھەت ئىدى. بىراق كېيىن گۇڭگا شېئىرچىلار سەل ئويلىنىپ قالغان بولساكېرەك، تېخىمۇ بىر بالداق ئۆرلەپ، يازغانلىرىنى بىر توپ چىرايلىق سۆزلەر ۋە مەنىسىز ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ دۆۋىسىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس قىلىپ قويدى. بۇنداق پۈچەكلىك بارا-بارا كېڭىيىپ، ھەتتا ماقالە ئوبزورلارغىمۇ كېڭەيدى. ئىشقىلىپ دۇنيادا ئەدەبىيات تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور ئالدامچىلىق دېلوسى شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ يۇشۇرۇن يېزىش ۋە ئوچۇق يېزىش دېگەن كۆز قاراشلىرىمۇ، ھەتتا بۇ كۆز قاراشلارنى شەرھىيلەپ ئوتتۇرغا قويغان پىكىرلىرىمۇ،» گۇڭگا شېئىر»دېگەن ئاتالغۇمۇ تامامەن خەنزۇ شېئىرىيتىدىن كۆچۈرۈپ كېلىندى. ئەگەر تەلەپ قىلىنسا، بۇ نەرسىلەرنى مەن دەلىل-ئىسپات بىلەن كۆرسىتىمەن. سۆزمۇ-سۆز ئوخشاش جايلار بار. ئۇلارغا شۇلارنى ئېيتىپ قويغۇم كېلىدۇكى، شېئىرنىڭ مەقسىتى يۇشۇرۇن ئەمەس، ئىپادىلەش. ئەگەر شېئىرنىڭ مەقسىتى يۇشۇرۇن بولسا، بىكاردىن مەتبۇئاتنى ئاۋارە قىلماي، گېزىتلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىغا «مەن شېئىر يازماقچى، ئۇنى سىلەرگە دەپ بەرمەيمەن، قانداق چۈشەنسەڭلار چۈشىنىۋېرىڭلار»، دەپ ئېلان چىقىرىپلا قويسا بولمىدىمۇ؟ شېئىر بولمىغان نەرسىنى سەن ھەرقانچە يۇشۇرساڭمۇ ئۇ شېئىر ئەمەس .ھەقىقىي شېئىرنى ھەرقانچە قىپ يالىڭاچ يازساڭمۇ شېئىر! ئەگەر گۇڭگا شېئىر يېزىشنى ئۆگەنگۈچىلەر يەنە بار بولسا، مەن ئۇلارغا مۇنداق بىر فورمىلا تۈزۈپ بېرىمەن .سۆزلەرنى بۇ فورمىلاغا سېلىشنى بىلسىلا گۇڭگا شېئىرلار دېگەننى ياغدۇرىۋەتكىلى

بولىدۇ. بۇنداق قىلىش قەغەز پاراخوت ياساشتىنمۇ ئوڭاي.

پېئىل+
مەسىلەن :ماقتا مەكتە
+لاندى
+لەندى +ئابىستىراكىت ئىسىم
ھەركەتنام
+ ىم
+لىرىم
كونكېرىت ئىسىم
+ غا،قا،گە،كە
+سىدە
+ىدە +ئابىستىراكىت ئىسىم
ھەركەتنام+ ىم
+لىرىم +كونكېرىت ئىسىم
لىرى
ى
يوّلەن
ئۇرۇل
يىقىل
تىترى
بوغۇز مەكتە
ماقتا
ماقتا

ـمەكتە
لاندى روهـ
سۆيگۈ
تەڭرـ
ئىرادە
ئىنتىلىشـ ـىم
م
ـىم
م
ـلىرىم تۇۋرۇكـ
يىلتىزـ
ئاسمانـ
قەبرـ
خەنجىر ـىگە
ـغا
ـغا
ـىسىدە
ـدە چۈشـ
ئەقلـ
ئۆلۈمـ
چېقىلىشـ
يالغانچىلىقـ ـۇم
ـىم
ـىم

ـم

ـم مەستـ

پالتا

ئىز

جانانـ

شائىر لىرى

لىرى

لىرى

ى

لىرى

سىز خالىغان سۆزنى تاللاپ مۇشۇ فورمىلاغا سالسىڭىزلا، شېئىرنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلەپلىرىنىمۇ بىلمىسىڭىزمۇ، يەنىلا گۇڭگا شېئىرچى بولۇۋېرەلەيسىز. ئەگەر قاپىيە ئېھتىياجى تۇغۇلسا، سۆزلەرنىڭ ئورنىنى چۇۋۇۋەتمەي، ئالماشتۇرۇپ قويسىڭىزلا بولىدۇ. گۇڭگا شېئىر ئەنە شۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سوئال: ھاھ...ھاھ...بۇ فورمىلايىڭىز تازىمۇ جايىدا بولدى.

]ئىزاھات[:

كىشلەرنىڭ چۈشىنەلمەي قېلىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن مەن بۇ جەدىۋەلدە ھەتتا گىرامماتىكىلىق ئاتالغۇلارنىمۇ ئاز ئىشلىتىشكە تىرىشقان ئىدىم .چۈنكى، گۇڭگا شائىر بولۇشقا تىرىشقۇچىلارنىڭ ساۋاتىنىڭ ئۇنى بىلگۈدەك يۇقىرى ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن.

مەن ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم: ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەقستى يۇشۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىپادىلەش. سىمۋولىزىمچىلارنىڭ سىمۋولدىن پايدىلىنىشتىكى مەقستى شۇكى، ئىنساندىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە سىرلىق بولغان ھېس-تۇيغۇلار، ئىنسان دۇچ كەلگەن، ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەر، ئىنساننىڭ قىسمىتى قاتارلىقلارنى پەقەت سىمۋول ئارقىلىقلا ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ) .يۇشۇرغىلى ئەمەس ئىپادىلىگىلى بولىدۇ(.

بىر نەچچە خىل شېئىرىيەت ھەركىتىنىڭ نەزەرىيەچىسى بولغان ئېزرا پوند ئىماگقا مۇنداق تەبىر بەرگەندى: «ئىماگ ھەرگىزمۇ بىر خىل رەسىم شەكلىدىكى قايتا زاھىر بولۇش بولماستىن بەلكى، دەقىقە ئىچىدە كۆرۈلگەن ئەقىل ۋە تۇيغۇنىڭ مۇرەككەپ تەجرىبىسىدۇر. يەنى تامامەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىدىيەنىڭ بىرلەشمىسىدۇر«.

ئۇ ۋەكىللىك قىلغان ئىماگىزىم ئېقىمى ئېتىقادىدىكىلەر كېيىنكى ئېتىدۇكى: شېئىر چۇقۇم بەزى مەسىلىلەرنى توغرا ئەكىس ئەتتۇرۇشى، گۈڭگالىققا بېرىلمەسلىكى لازىم، ئەگەر ئۇ قانچە جەلپكارلىققا ئىگە بولسىمۇ.»...سىمۋولىزىم شېئىرىيىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى بولغان توماس ئېلىيوت دانتى ھەققىدە توختىلىپ: «دانتى بىر مەسەلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېنىق ئىماگلارنى ياراتقان» دەپ ئۇنى مەدھىيىلىگەندى. (رېنې ۋېللېك ۋە ئانىستېن ۋاررېنلارنىڭ «ئىماگ، مېتافور، سىمۋول، ئەپسانە» ناملىق ماقالىسىدىن. «ئىماگ تەنقىدچىلىكى» سىچۇەن ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى 1989- يىل 5- ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 5-بەت) غەرب پىسخىك ئانالىز ئىلمىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان كارىل گۇستاۋ ياڭ سىمۋول ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىمۋول ھەرگىزمۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان نەرسىنى يوشۇرۇپ يېپىۋالىدىغان بەلگە ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ مەلۇم نەرسە بىلەن بولغان ئوخشاشلىقتىن پايدىلىنىپ، مەلۇم خىلدىكى تېخى بىلىپ يېتىلمىگەن دائىرىگە تەۋە نەرسىلەرنى ياكى تېخىچە شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرغان نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ بېرىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.» («ياڭ ئەسەرلىرى» ئەنگلىيە روئوتلېج ۋە كېگىدىنپول نەشرىيات شىركىتىنىڭ 1-نەشرى،7-توم، 287-بەت(.

كارىل ياڭ سىمۋول ھەققىدە توختالغاندا پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئورتاق، قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان سىمۋولدىن ئىبارەت ھادىسىسە ئۈستىدە توختىلىپ يۇقىرقى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. دېمەك پەقەت سىمۋولىزىمدىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىدا، قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرقى زاماندىمۇ سىمۋول بىر خىل ئىپادىلەش ۋاستىسى، ھەرگىزمۇ يوشۇرۇش ۋاستىسى ئەمەس. ھەقىقەتەن دۇنيا شېئىرىيىتىدە بەزى شېئىرلارنى كىشىلەرنىڭ ئىدراك قىلىشى بىر قەدەر قىيىن بولىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ ئىددىيىنى يوشۇرغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى شېئىردىكى تەسەۋۋۇر ۋە ئىپادىلەنگەن ھېس-تۇيغۇلارنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولىشى ياكى كىتابخانلارنىڭ ھېسسىي تەجرىبىلىرى نامرات بولغاچقا شېئىردىكى ھېس-تۇيغۇلارنى ئۆز ھېسسىياتىدا تەجرىبە قىلالمىغانلىقىدىن بولىدۇ .شېئىردىلا ئەمەس، ئىنساننىڭ ئۆزىدىمۇ بەزى مۇرەككەپ

تۇيغۇلار بولىدۇ، بەزىدە بىر ئادەم ئۆزىدىكى مەلۇم بىر خىل تۇيغۇنىڭ سىرىتقى دۇنياغا نېمە ئۈچۈن مەلۇم بىر خىل شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىپ چىققانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق تۇيغۇنىڭ پسىخىك ئاساسىي تۇيغۇچىنىڭ بىلىش دائىرىسى يېتىپ بارالمايدىغان دەرىجىدە كەڭ بولۇشى مۇمكىن. بۇنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرسەك بەلكىم مۇۋاپىق بولار:

يېقىندا پسىخىك ئانالىز بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بىر ئىنىم ماڭا شىنجاڭ تىببى ئونۋېرسىتېتىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: مەلۇم بىر بىمار بار بولۇپ، ئۇ سۇدىن قورقىدىكەن، شۇڭا سۇ ئىچەلمەي قىيىلىنىپ سالامەتلىكى ناھايىتى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. ئۇ سۇنى كۆرسىلا ئىزتىراپقا چۈشىدىكەن. سۇ ئۇنىڭدا بىر خىل چېكىدىن ئاشقان مەيۈسلۈك پەيدا قىلىدىكەن. ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن ھېلىقى ئىنىم پسىخىك ئانالىز ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بىمارنىڭ بالىلىق ۋاقتىدا بولغان بىر قېتىملىق تۇنجۇقۇش تەجرىبىسىنى تېپىپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە پسىخىك توسالغۇنى پەيدا قىلغان سەۋەبنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى بىمارنىڭ ئېڭىغا قوبۇل قىلدۇرسىلا بىمار ساقىيىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. بىراق بىمار بۇ سەۋەبنى بىلگەندىن كېيىنمۇ ساقايماپتۇ .
مەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئىنىمىزغا مەسلىھەت بېرىپ مۇنداق دېدىم :بىمارنىڭ سۇدىن قورقىشىدىكى پسىخىك ئاساس پەقەتلا ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئۆزى ئۇنتۇپ قالغان، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتەن تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ بىر قېتىملىق تۇنجۇقۇش تەجرىبىسىنىڭ بولغان بولۇشى ناتايىن، ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا يەنە چوقۇم سىز قېزىپ چىقالمىغان باشقا ئامىللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇلار ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا تۇنجۇقۇش تەجرىبىسى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن قالغان، پۈتۈن مىللەتكە، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەۋە تۇنجۇقۇش تەجرىبىسى بولۇشى مۇمكىن .مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جاھاننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىسىدا جاھاننىڭ يارىتىلىشى جەريانىدا تەڭرى قاراخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن سۇ ئاستىدىن لاي ئېلىپ چىققان ئادەمنىڭ بوغۇزىغا لايىنى يوشۇرىۋالغانلىقى، سۇدىن چىققاندىن ئۇنى داۋاملىق ساقلاپ تۇرالماي، تەڭرى بىلىپ قالغاندىن كېيىن تەڭرىنىڭ سىقىشى بىلەن قۇسۇپ زېمىننى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ ئەپسانىدە مىللىتىمىزنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى قارىشىدىكى نېگىزلىك نەرسە تۇنجۇقۇش ۋە قۇسۇشتىن ئىبارەت. مانا بۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزدا تۇنجۇقۇش تەجرىبىسىنىڭ چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان توپان ۋەھىمىسى، تارىختا يۈز بەرگەن بەزى ھۆلچىلىك ۋەقەلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا بىمار ياشىغان جاي سۇ ئاپتى كۆپ يۈز بېرىدىغان جاي بولسا ئۇنىڭ جەمەتىدە سۇدىن قورقۇش بىر خىل تەبئىي ئىنىستىكىت بولۇپ شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كەلگەندە ھەممە تەجرىبە يىغىلىپ كېلىپ تۇنگۇننى شەكىللەندۇرگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. روھى جەھەتتىكى بۇ تۇنگۇننى يېشىش ئۇچۇن مانا مۇشۇنداق پىسخىك ئاساسلارنىڭ ھەممىسنى تەتقىق قىلىش لازىم. يۇقىردا بايان قىلىنغىنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر خىل ھېس-تۇيغۇ بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بەكلا ئاددى. كۆرۈنۈشتە بىمارغا سۇ ناھايىتى سوغۇق بىلىنگەن بولغاچقا ئىچىشتىن قورقۇۋاتقاندەكلا كۆرىنىدۇ. ئاشۇ مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇ ئاشۇ ھالەت بىلەن ناھايىتى ئاددى ئىپادىلەنگەن. ئۇ بىمار ھەرگىزمۇ مەلۇم سىمۋوللۇق يول بىلەن ئۆزىدىكى ھېس-تۇيغۇنى يۇشۇرىۋېلىپ ئاندىن بىز ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنداق بولغانلىقىنى چۈشەنمەي قېلىۋاتقان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ئۆزىدىكى غايەت زور مەسىلىنى پەقەت ئاشۇ يول ئارقىلىق سىرتقى دۇنياغا ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە بىلدۇرمەكچى، ھەرگىزمۇ يۇشۇرماقچى ئەمەس. پەقەت ئۇ بەك مۇرەككەپ بولغاچقا بىز ئۇنى چۈشەنمەيۋاتىمىز.

بەزى سىرلىق سىمۋوللار بىلەن تولغان شېئىرلارنى ئوقۇساق بىز ئاجايىپ سىرلىق ھېس-تۇيغۇغا چۆمۈلىمىز. بىراق ئاشۇ شېئىردىن ھېس قىلغانلىرىمىز پەقەتلا تۇيغۇ بولۇپ مەلۇم ئەقلىي يەكۈن ئەمەس. بىز ھەممە شېئىرنى كۆنۈككىنىمىز بويىچە ئەقلىي يەكۈن دەپ قارىۋالغاچقا گەرچە شېئىردىكى تۇيغۇدىن ھوزۇرلىنىپ ئۇنى تۇيغۇمىزدا تەجرىبە قىلىپ ئۇنىڭدىن ھوزۇر- لانساقمۇ بىراق يەنىلا شوئار ۋە پەندى-نەسىھەتكە كۆنۈپ قالغان ئادىتىمىز بويىچە «بۇ شېئىر نېمە شوئارنى تۇۋلىغاندۇ؟ ماڭا نېمىلەرنى قىلىش ۋە نېمىلەرنى قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلغاندۇ؟» دەپ ئويلىۋېلىپ، سوئالىمىزغا جاۋاپ چىقمىسلا ئۇنى «چۈشىنىكسىز» دەيمىز. بىز شېئىرغا ئەنە شۇنداق سوئال قويۇپ ئۆگىنىپ قالغان. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىمۇ بەزى كەچۈرمىشلىرىمىزگە ئاشۇنداق سوئال قويۇپ باقايلى. مەسىلەن: بۈگۈن مېنىڭ كەيپىياتىم ناھايىتى ياخشى، يولدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ. دوستلىرىمنى ئىزدەپ پاراڭلىشىپ كۆڭلۈمنى ئېچىپ كەلگۈم كەلدى. بىراق دوستلىرىمنىڭ ۋاقتى يوقكەن .مانا بۇ مېنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىم. بۇنداق ھايات ماڭا ئوخشاش ياشاۋاتقان نۇرغۇن كىشلەرگە ئورتاق. مەن ئاشۇ بىر كۈنۈمنى بىراۋغا سۆزلەپ بەرسەم چۇقۇم ئاڭلايدۇ ھەم چۈشىنىدۇ. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇ پەقەت مېنىڭ ئاشۇ كۈنلۈك ھاياتىمنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلمەكچى .مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۇ مەندىن«سەن ئاشۇ بىر كۈنلۈك ئىشىڭنى سۆزلەپ ماڭا نېمىنى ئۆگەتمەكچى؟ سەن ئۇ ئارقىلىق

نېمىنى مەدھىيىلەپ نېمىنى ئېچىپ تاشلىماقچى؟» دەپ سورىسا مەن ئەلۋەتتە ئۇنى ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلايمەن .ئەدەبىياتمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش. ئىنسانلارنىڭ ھايات ئەھۋالى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشمۇ ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ئاساسي. بىر شائىرنىڭ بىر پارچە شېئىر يېزىشى بىرەيلەننىڭ بىر دوستىغا ئەھۋال بايان قىلغىنى بىلەن ئوخشاشلا ئىش چۈنكى، ئەدەبىيات ئىنساننى تەنھالىقتىن قۇتقۇزىدىغان نەرسە. ئۇ پەقەت نەسىھەت قىلىپ، ئۆز قارىشىنى باشقىلارغا تېڭىپ، باشقىلارغا زالىملىق قىلىدىغان، مېنىڭ شېئىردا ئوتتۇرغا قويغىنىم بويىچە ياشىشىڭ كېرەك دەپ بېسىم ئىشلىتىدىغان قورال ئەمەس. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىينىڭ كانىيى ئەمەسلىكى تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە بەش يىلدىن ئېشىۋاتقان بولغۇنكى كۈندىمۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ھازىرغىچە شائىرلارغا يۈك يۈكلەش مەۋجۇت. مانا مۇشۇنداق تۈپكى خاتا بولغان ئەدەبىيات قارىشىمۇ كىشىلەرنىڭ شېئىرلانى چۈشىنىشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنى بىرى.

دۇنياۋى مۇنەۋۋەر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشەنمەسلىك بىلەن گۇڭگا شېئىرلانى چۈشەنمەسلىك تۈپتىن ئوخشىمايدۇ .دۇنياۋى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشەنمەسلىكتە يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر بولغىنى بىلەن، گۇڭگا شېئىرلارنى چۈشەنمەسلىكتە ئۇنداق سەۋەپ يوق، بەلكى گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ يازمىلىرىدا ھېچنىمە دېمەسلىكى بىلەن ئاددى پىكىرلەرنى سۆز ئويۇنى بىلەن كۆمۈپ قويۇپ چۈشەندۈرمەسلىكى ئۇنىڭ چۈشىنىكسىز بولىشىدىكى ئاساسي سەۋەپتۇر.

مودېرنىزمغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مودېرنىزم ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى روھىي ھالىتىنى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە لايىقلىشالماي قالدى. شۇڭا مودېرنىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دېمەي ئىلاجىمىز يوق .بىرىنچىدىن، مودېرنىزم سىمۋول ۋە بېشارەتلەرگە بېرىلىپ كەتتى. بىز شېئىرىيەتنى ساددىلىق بىلەن تۈزلۈككە قايتۇرۇپ كېلىشىمىز، ئۇنى غەلىجەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ۋە ھىيلە-مىكىرلەرنىڭ پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرىشىمىز لازىم. ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ۋە تېخنىكىغا بېرىلىپ كېتىش شېئىر بىلەن كىتابخانلار ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ پەيدا قىلدى. شېئىردىن ئەمەس، ئەھمىيەتسىز ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ھۇزۇرلىنىشقا شائىرلار ۋە شېئىر ھەۋەسكارلىرىلا قىزىقىدۇ. شۇڭا شېئىر شائىرلار ئوقۇيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. باشقىلار بولسا بۇ نەرسىگە قىزىقمايدۇ .ئەھمىيەتسىز ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە ۋە دەبدەبىلىك سۆزلەرنىڭ دۆۋىسىدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇلار شېئىرلارنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىدۇ.

مودېرنىزم بىلەن ئۇنىڭ كونىراپ كەتكەنلىكى، ۋاقتى ئۆتكەنلىكى يەنى ئۇنىڭدىنمۇ يېڭىراق نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا نۇرغۇنلىغان يېتەرسىزلىكلەر بار بولغانلىقى، بىز ئىپادىلەش زۆرۈر دەپ قارىغان بەزى نەرسىلەرنى ئىپادىلەشكە ئۇنىڭ قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، مودېرنىزم بىلەن خوشلىشىش كېرەك دەپ قارايمەن. مېنىڭ قانداقتۇر ۋاقتى ئۆتتى، بولۇپمۇ «كونىراپ كەتتى» دېگەن سۆز بىلەن ئانچە خوشۇم يوق .بىر نەرسىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنى ئۇنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە قانچىلىك بولغانلىقى ئارقىلىق ئۆلچەش ئىنتايىن بىمەنە بىر ئىش. مېنىڭچە ۋاقتى ئۆتتى دېگەن سۆزنى بەزى كىشلەر تىوغرا كۆڭۈل بىلەن ئىشلەتكەن بولىشى ناتايىن. مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم چېكىدىن ئاشقان ئونسۇرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ سۆزنى ئىشلەتكەن كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ نىيىتى توغرا. بەزىلەرنىڭ بۇ سۆزنى ئىشلىتىشتە داھىي بولۇش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن باشقا نىيىتى يوق. چۈنكى ئۇلار داھىي بولۇشقان بۇنىڭدىن ئاسان يولنى تاپالمايدۇ. ئۇلار ھەممە نەرسىدىن ۋاقتى ئۆتتى دەپ ئاغرىنىش ئارقىلىقلا يېڭى بىر ھەركەتنىڭ داھىيسى بولۇشقا تىرىشىدۇ. بۇنىڭدىن نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن قەدىمكى زامان ئەپسانىلىرىنىڭ ھاياتى كۈچى بۈگۈنكى دەۋردە تېخىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. كىشلەر ئۇلاردىن بارغانسېرى يېڭى نەرسىلەرنى بايقىۋېلىۋاتىدۇ. بۇندىن نۇرغۇن ئەسىرلەر ئىلگىرى ياشىغان سوفېكلىسنىڭ تىراگېدىيىلىرى، دانتى، شېكىسپىر، دوستويېۋسكىنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەرگىزمۇ بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان بولغاچقىلا ناچار دېيىشكە بولمايدۇ. شۇڭا قانداقتۇر ئايىقى چىقماس» ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ پالانىلىك مۇناسىۋىتى» پالان-پۇكۇن دېگەندەك پۈتۈنلەي مەنىسىز بولغان بەس-مۇنازىرىنىڭ بولىۋەرگىنىنىڭ قىلچە پايدىسى يوق. بۇنداق بەس-مۇنازىرىلەردە ھەل قىلىش كېرەك بولغان مۇھىم بىر نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ھەقىقىي سەنئەت يارىتىلىسلا ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ. مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭغا كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ بىر ئەدەبىيات ھادىسىسى سۈپىتىدە مۇستەبىت ئورۇندا تۇرۇۋالسا بولمايدۇ. ئۇ ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئىپادىلەپ بولدى. ئۇنى قايتا ئىپادىلەۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق .نۆۋەتتە ئىنسانىيەت ھاياتىدا ئىپادىلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بارلىققا كەلدى ۋە بايقالدى، بۇلارنىمۇ يېزىش كېرەك.

]ئەسلىدىكى سۆھبەت[

سوئال: سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدا كۆپىنچە نەرسىلەر تۈز، نەق ۋە دەلمۇ-دەل يېزىلغان ئىكەن. بىراق يەنىلا كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىشىدىن يىراق. شۇنداقتىمۇ، بىر نەرسە ئېنىقكى سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدا سىمۋوللار يوق. سىز نېمىشقا سىمۋولنى ياقتۇرمايسىز؟

جاۋاب: ھازىرقى دەۋىر مودېرنىزم دەۋر سۈرگەن چاغلارغا ئوخشىمايدۇ .مودېرنىزم دەۋرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىر تىراگىدىيىلىك ئۆتكۈنچى دەۋر ئىدى .نىتزى خۇدانىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، كىشىلەر ئېتىقاد بىلەن مەنىسىزلىك ئارىسىدا جان تالاشقان، ئىدراك بىلەن غەيرى ئىدراك، ئەخلاق بىلەن ئاياللار ئازادلىقى تەڭ مەۋجۇت بولغان دەۋر ئىدى. شۇڭا مودېرنىزمدىن بىر تىراگىدىيىلىك ئېغىرلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ھەم دەۋرنىڭ ئاۋانگارتلىقى ۋە ئۆتمۈشكە قىياسلىق تەڭلا مەۋجۇت. بىز كافكا، جامىس جويىس ۋە توماس ئېلىيوتلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھەم قەدىمكى دەۋرگە خاس ئەپسانە ھەم يېڭى دەۋرگە خاس يېڭىلىقنى، ھەم ئېتىقادىنى ھەم مەنىسىزلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. بىراق، ھازىرقى دەۋر ئۇنداق دەۋر ئەمەس. نىتزى» خۇدا ئۆلدى» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، فوكالت «ئادەم ئۆلدى» دەپ جاكارلىدى. بارسىلىم ۋە جون باسلار① بولسا ئەدەبىياتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى جاكارلىدى. بىز بۇنىڭ ئالدىدا ئىلاجسىز. ئەدەبىيات ئۆلگەنىكەن، بىز ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى، بەدىئىي تېخنىكىلارنى نېمە قىلىمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى دەۋردە ھەممە نەرسە يالىڭاچلانماقتا. كىشىلەرنىڭ كىيىدىغان كىيىمىمۇ ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ يالىڭاچلىنىۋاتىدۇ. رېئاللىقنىڭ بەتبەشىرە قىياپىتى يالىڭاچلىنىۋاتىدۇ. ھەممە سورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ جىنس ھەققىدە ئوچۇق-ئاشكارە سۆزلەشكەنلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ. بۇرۇن كىشىلەر ھەتتا پۇل توغرىسىدىمۇ ياپتىراق گەپ بىلەن پاراڭلىشاتتى. ھازىرچۇ؟ ھەممە نەرسە ئوچۇق-ئاشكارە، مانا مۇشۇنداق دەۋردە دەيدىغىنىمىزنى دېگىلى ئۇنىماي نازلاپ، پاھىشىدەك غىلچىڭلاۋېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ دەۋرىمىز سىمۋوللىرىمىنى ئاللىبۇرۇن كېرەكتىن چىقارغان.

سوئال: سىز شېئىرلىرىڭىزنى ناھايىتى ئەركىن-ئازادە يازىدىكەنسىز، شېئىرلىرىڭىزدا ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر، دەبدەبىلىك سۆزلەر، چىرايلىق ئىبارىلەر ئۇچرىمايدۇ. سىز زادىلا سۆز تاللىمايدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىي تىل ھەققىدىكى كۆز- قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ باققان بولسىڭىز.

جاۋاب: بەزىلەر مېنىڭ شېئىرلىرىمدا شېئىرىي تىل يوق، دەپ خاپا بولۇشقان، ئۇلارنىڭچە بولغاندا سۆزلەر شېئىرىي ۋە شېئىرىي ئەمەس سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. دۇنيادا بەلكىم شېئىرىيەت ھەققىدە بۇنىڭدىنمۇ

كۆلكىڭلىكرەك كۆز قاراش بولمىسا كېرەك. بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ھارقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز تىلىدىكى سۆزلەرنى خالىغانچە ئىشلىتىش ھوقۇقى بار. ھېچكىمنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەلۇم سۆزلەرنى شېئىردا ئىشلىتىسەن، ئىشلەتمەيسەن دەپ چەك قويۇدىغان ھەققى يوق. مېنىڭچە بىز شېئىر يازغاندا پەقەت ئۆزىمىز ئىپادىلىمەكچى بولغان تۇيغۇنى ئىپادىلەشكە مۇۋاپىق كەلسىلا، سۆزلەرنى تاللاپ ئولتۇرماي خالىغانچە ئىشلەتسەك بولىدۇ. چىرايلىق سۆزلەرنى تاللاپ شېئىر يازىدىغان نايىناقلارنىڭ شېئىرلىرى چىرايلىق سۆزلەر دۆۋىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى شېئىر ساختا بولۇپ قالمىسىلا بولىدۇ .ئۆزىنى خارلاش خاراكتېرىدىكى يېزىقچىلىق ھامان ساختىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىنلا بەزى سۆزلەرنى زورلاپ ئىشلەتكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ماھارىتىمىش. بەزىلەر (مەسىلەن:ئۆمەر مۇھەممەد ئىمىن) شېئىرىي تىلدا يېڭىلىق يارىتىمەن دەپ شېئىرغا قەستەن پەننىي ئاتالغۇلارنى كىرگۈزگەن ئىدى، بەكمۇ چېنىپ قاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شېئىر يېزىشىدىكى نىيىتى ساپ ئەمەس. بۇنى خېلى بۇرۇنلا ئالللىقاچان دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىن ئۆچكەن ئەدەبىي ئېقىم-كەلگۈسىزىم سىناق قىلىپ مەغلۇب بولغانىدى. ئۇلارنىڭ يازغانلىرى كەلگۈسىزىمغا ئوخشىسىمۇ مەيلى ئىدى. بىراق زادى قاملاشتۇرالمىدى. ناھايىتى كۈچىنىپ، باش قاتۇرۇپ، شېئىرلىرىغا زامانىۋىي ئاتالغۇلارنى تاڭغاندى، شېئىرلىرى بەكمۇ كۈلكىلىك بولۇپ چىقتى. ئەڭ مۇھىمى چېڭقىلىپ، ئۆزىنى خارلاش خاراكتېرىدە ئەسەر يېزىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

①بارسېلىم ۋە جون باس-ئامېرىكا ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى

سوئال :بەزىلەر شېئىرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، شېئىردا ۋەھىلەردىكىدەك مىستىك تۈس ئالغان،ئەۋلىيالارغا خاس پىكىر بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىكەن. بىراق سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزدا بۇنداق ئەۋلىيالارچە پىكىرلەر، دەبدەبىلىك سۆزلەر، ئەقلىيە خاراكتېرىدىكى ياكى ھۆكۈم خاراكتېرىدىكى پىكىرلەرمۇ يوق ئىكەن. ئەمەلىيەتتە، سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىز تۇرمۇشتىكى ئۇششاق، پارچە-پۇرات نەرسىلەردىن قۇرۇلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭدا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش ھالىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر بار. سىز شېئىرنى تۇرمۇش بىلەن قانداق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ قارايسىز؟

جاۋاپ: پىشىپ يېتىلمىگەن ئەدەبىياتتا ئەدەبىيات سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ رولى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپتۈرۈۋېتىلىدۇ. يەنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىنسانىيەت سانىسىز ئەسىرلەردىن بېرى ھەل قىلالماي كېلىۋاتقان ھەم مەڭگۈ ھەل قىلالمايدىغان مەسىلىلەرنى بىرەر پارچە شېئىر بىلەن ھەل قىلالايمەن دەپ ئويلايدۇ. بىراق

شۈنىسى ئېنىقكى ئىنسانىيەت پەقەت ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئىنسانغا خاس ئازاپ ۋە شادلىق تۇيغۇسىغا شۇنداقلا شېئىريي تۇيغۇغا ئىگە. ئاشۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرلا ئىنساننى روھىي جەھەتتىن بېيىتىدۇ. ئەگەر ئۇ مەسىلىلەر شۇنداق ئاسان ھەل بولىدىغان بولسا ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىر ۋاراق ئاق قەغەز بولغان بولاتتى. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى، شېئىرىيتى قاتارلىق مېتافىزىكىلىق گۈزەللىكلەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

»ئېھ ھايات!»، «دۇنيا...سەن...» دېگەندەك ياڭراق خىتاب ۋە چاقىرىقلار ئارقىلىق ھېچنەرسىنى ھەل قىلغىلى بولمايلا قالماستىين ئەكسىچە ئىنساننىڭ شېئىرغا بولغان روھىي تەشنالىقىنىمۇ قاندۇرالماي، سانسىز ئەسەرلەر شاھلارنى «مىڭ يىل ياشا» دەپمۇ بىر كۈن ئارتۇق ياشىتالمىغان، شۇئارلارغا ئوخشاشلا شامالدا غايىب بولۇپ كېتىۋېرىدۇ .گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ ۋەھىي ۋە بېشارەتلىك پىكىر دېگەنلىرى بىزگە سىمۋوللىزىمنىڭ بەزى خاھىشلىرىنى ئەسلەتكەن بولسىمۇ بىراق ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئەقلىي جەھەتتىن كەمتۈك شائىرلارنىڭ شېئىر بىلەن ئىنسانىيەتنى بىر كۈندىلا ئۆزگەرتمەكچى بولۇشتەك قىلىقىدىن پەرقلەنمەيدۇ. گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئەۋلىيالارچە ياكى بېشارەتلىك پىكىرلەر يوق. پەقەت بىر توپ قالايمىقانچىلىقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق .ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دەبدەبىلىك سۆزلەر دۆۋىسىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ھەتتا ئۇنىڭغا تارتىنىپ ئولتۇرمايلا دىنىي مېستىك تۈس بېرىپ، كۆز بويامچىلىق قىلماقچى. يەنى ئۇلار بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چىڭ ئېتىۋېلىپ، ئۆيدە نېمىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرمەسلىك ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆيدە لىق ئالتۇن بار ئوخشايدۇ دېگەن خىيالغا كەلتۈرمەكچى. ئالدانغان كىشىلەر، ئۆينىڭ ئىچىدە ئالتۇننىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، بىراق ئۇ ئالتۇنغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ. گۇڭگا شېئىرچىلار بولسا بۇ ئالتۇنلارنى ئۇلارغا بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇيۇ بىراق ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەي ئۇنى ساقلاپ بەرگۈچى بولىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرمۇ گەرچە ئۇ ئالتۇنغا زادى يېقىن بارالمىسىمۇ لېكىن ئالتۇنۇم بار دەپ ئويلاۋېرىدۇ.

كىتابخانلار گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ شېئىرى بىلەن ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەقلى مەجروھلارچە ھەل قىلىش لايىھەلىرىنى گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئاتالمىش «لىروس بوشلۇقى» غا قاپساپ تىقىپ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، ھېسسىي جەھەتتىن قانائەت تاپىدۇ. مانا بۇ دەل ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى «كىتابخانلارنىڭمۇ ئىجادىيەتكە قاتنىششى» دۇر. بۇ بىر خىل يامان سۈپەتلىك تەتۈر ئايلىنىش. يەنى بىر ئەقلى مەجروھنىڭ كەمچىلىكىنى يەنە بىر ئەقلى مەجروھ تولدۇرماقچى بولسا ئۇ مەڭگۈ

ئاخىرلاشمايدىغان بىر-بىرىنى تولۇقلاش ئويۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

سوئال: سىزنىڭچە ئەدەبىياتتا يۈكسەك نەرسىلەر (مېنىڭ دېگىنىم ھەرگىزمۇ چوڭ گەپلەر ۋە چاقىرىقلار ئەمەس) مەسىلەن: ئېتىقاد، غايە، گۈزەللىك، ئەخلاق قاتارلىقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك؟

جاۋاپ: مودېرنىزم ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەكلىك بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدا ئاخىرقى قېتىم تىركىشىشى . مەسىلەن، بىز مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان بودلېرغا قارايدىغان بولساق شۇنى بايقىشىمىز تەس ئەمەسكى، بودلېر ئېستېتىكىنىڭ تىراگېدىيىلىك دەۋرىدە ياشىغان شائىر، يەنى رەزىللىك بىلەن گۈزەللىك ئوتتۇرىسىدا جان تالاشقان ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ شائىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا بۇرۇنقى ئەخلاق مىزانلىرىغا، بۇرۇنقى گۈزەللىك ئۆلچىمىگە، بۇرۇنقى ئىدراك ۋە مۇھەببەتكە ئاساس بولغان دەۋرلەرگە قىيماسلىق بىلەن بىرگە، ئەكسىچە يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا، خاراب قىلىش كۈچىگە ئاۋانگارتلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇشمۇ بار. شۇڭا ئۇ رەزىللىك بىلەن گۈزەللىك ئارىسىدا بىر خىل تىراگېدىيىلىك يېڭى ئېستېتىكا، يەنى رەزىللىك ئېستېتىكىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ «رەزىللىك گۈلى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مانا مۇشۇنداق ئېستېتىسىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئەخلەت بىلەن ئەتىر ھىدى، جىن-ئالۋاستىلار بىلەن زامانىۋي ئاپتوموبىللار، ئېتىقاد بىلەن ماددىي مەئىشەت ئوتتۇرىسىدىكى تىراگېدىيىلەر سىڭگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يىرگىنچلىك سىمۋول ۋە ئىماگلار ئارقىلىق گۈزەل ۋە سوغۇق بولغان ئالاھىدە بىر خىل شېئىرىي كەيپىيات يارىتىلغان. كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ خىلمۇ-خىل قىلمىشلىرى بىلەن تولغان چوڭ شەھەر تۇرمۇشى ئىنتايىن گۈزەل ۋە نەپىس شېئىرىي تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەن ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق يىرگىنچلىك مەنزىرە ۋە بۇزۇلغان ھېس-تۇيغۇلارنى قانداقلارچە بۇنداق گۈزەل شېئىرىي تىلدا ئىپادىلەشكە چىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن جاراھەتلىك بىر يۈرەكنىڭ ھەسرەتلىك نالىسى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەسرەتنى قوزغىغان نەرسىلەر رەزىل بىراق ھەسرەتنىڭ ئۆزى گۈزەل بولىدۇ. چۈنكى ھەسرەتنىڭ باشقىلارنى تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ھەر قانداق نەرسىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بودلېرنىڭ تالانتى كىشىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ھالەت ۋە كۆرۈنۈشلەر ئىچىدىن شېئىرىي گۈزەللىكنى بايقاپ چىقالىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بودلېرنىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالايدىغان تەرىپىمۇ دەل مۇشۇ. مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر پەللىسى بولغان توماس ئېلىئوت تولسا رېئاللىق بىلەن يۈكسەكلىك ئارىسىدا ئۇزاق مەزگىل جان تالاشقاندىن كېيىن ئاخىرى پۈتۈنلەي

كەيىنگە چېكىنىشنى تاللىدى. يەنى ئۆزىنى كىلاسسىزمچى دەپ جاكارلىدى. شۇنداقلا دىنىي مىستېتىزىمغا بېشچىلاپ كىرىپ كەتتى. ھەتتا دۆلەت تەۋەلىكى جەھەتتىمۇ پادىشاھلىق تۈزۈمى ساقلانغان ئەنگلىيىنى تاللىۋالدى.

ئاپولىنارغا ئوخشاش شائىرلار بولسا تېخىمۇ رادكال يولغا مېڭىپ، توماس ئېلىئوتنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇپ يۈكسەكلىك ۋە تەرتىپنى ئاساس قىلغان كىلاسسىزىم ئەنئەنىسىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتى.

ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، رېئاللىقتا يۈكسەك نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. يۈكسەكلىك ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي خام-خىيالى. ئادەملەر يۈكسەكلىكتىن ئىبارەت كۆرۈنمەس غايىۋىي كەيپىياتنى توقۇپ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئۆزلىرىنى ئالداش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا دۇنيادا ياشاش مۇمكىن ئەمەس. ئالبېرت كامۇس بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ساراڭ داستىكى سۇغا قارماق تاشلاپ ئولتۇرسا، دوختۇر كېلىپ نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ دېسە، بېلىق تۇتىۋاتىمەن، دەپتۇ .بېلىق تۇتتۇڭمۇ؟ دەپ سورىغانىكەن، ساراڭ: «سەن ھەقىقىي ساراڭكەنسەن، داستىكى سۇدا بېلىق نېمە ئىش قىلىدۇ» دەپتۇ. بىز ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا داستا بېلىق بار، دەپ ياشايمىز. بىزنىڭ ھاياتىمىز بېلىق تۇتۇشتىن ئىبارەت، داستا بېلىق بارلىقىغا ئىشەنمىسەك بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ! بىز ياشىيالمايمىز. يۈكسەكلىك ئەنە شۇ داستىكى بېلىققا ئوخشايدۇ. بىراق ھازىر ئىنسانىيەتنىڭ تىراگىدىيىلىك دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى .ئەمدى بىز داستا بېلىق يوقلۇقىنى بىلىپ قالدۇق. ئۆزىمىزنى ئالداش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالدۇق. چۈنكى بىز يۈكسەكلىكنىڭ تۈپكى ئاساسى بولغان ئېتىقادتەك مەۋھۇم نەرسىلەرنى يوقاتتۇق. ھاياتنىڭ ئەسلى بەشرىسىنى بېزەش ئىقتىدارىمىزنى يوقاتتۇق .شۇڭا. بىز رېئاللىققا ئىلاجىسىز بوي سۇنۇپ، ئۆزىمىزگە رەھىمسىزلىك قىلماي ئىلاجىمىز يوق. (چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي، بۇ يەردىكى ئېتىقاد دىنىي ئېتىقادنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۆتكەندە غازات قىلاي دېسە كاپىر تاپالماي بېشى قېيىپ يۈرگەن بىر غازاتچى مېنىڭ بۇ گېپىمگە ئىتتەك ئېسىلىۋېلىپ، مېنىڭ "داستا بېلىق يوق دېگىنىمنى خۇدانى ئىنكار قىلغانلىق دەپ ماڭا دىنىي قالپاق كەيدۈرۈپ، كاپىردىن بىرنى تېپىۋالدىم دەپ خۇشال غىڭشىپ ماقالە يېزىپ توردا ئېلان قىلىپتۇ. مەن بۇ غازاتچىغا شۇنى دەپ قويايكى مېنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنىم دىنىي ئېتىقات ئەمەس بەلكى ئىجتىمائىي غايە ۋە سىياسىي ئېتىقادلارنى كۆرسىتىدۇ( .

سوئال: يېقىندىن بېرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئەخمەتجان ئوسماننىڭ تىپىپجان ئېلىيوپ ۋە ئوسمانجان ساۋۇتلارنىڭ شېئىرلىرىغا يازغان ئوبزورلىرى ئېلان قىلىندى. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاپ: مەن ئەسەرلەرنى بۇنداق گراماتىكىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. خۇددى مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا ئائىت ئاتالغۇ ئىزاھاتلىرى ۋە بەزى قىسقا مەشھۇر ئەقلىيە سۆزلەرنى ئاڭلىۋېلىپلا مودېرنىزمچى بولىۋېلىشتەك گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ ئەنئەنىسى بۇ يەردە يەنە بىر رەت تەكرارلانغان بولسا كېرەك. سائۇسسېر، ياكۇبس دېرىدا قاتارلىقلارنىڭ ماقالىلىرىدىكى تىل، تېكىست، گەپ دېگەندەك ئاتالغۇلارنىڭ نېرىۋىنى غىدىقلىشى بىلەنلا ئۇ بىر ئەسەرنى گراماتىكا بويىچە تەھلىل قىلىسمۇ بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. قۇربان بارات ئاكامنىڭ قۇرۇلمىچىلىق دېگەن سۆزنى قەيەردىن ئاڭلىۋالغانلىقىنى ھەم نېمىشقا بۇ ماقالىلەرنى قۇرۇلمىچىلىق دەپ ئاتىغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم. يېڭىلىق ياراتقۇچى بولىۋېلىش ئاسان لېكىن قاملاشتۇرۇش تەس. مەن ئەخمەتجان ئوسماننىڭمۇ، قۇربان باراتنىڭمۇ قۇرۇلمىچىلىقنى چۈشىنىدىغانلىقىغا تازا ئىشىنەلمەيمەن.

جوناسېن كۇللېر (Jonathan Culler) «قۇرۇلمىچىلىق پوئېتىكىسى» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە قۇرۇلمىچىلىق ھەققىدە توختىلىپ، «قۇرۇلمىچىلىق ھەرگىزمۇ بىر خىل يېشىش خاراكتېرلىك تەنقىد ئەمەس.» دېگەندى. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ماقالىلىرىدا بولسا، يېشىش ئاساس قىلىنغان .ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېشىش ناھايىتى ئەنئەنىۋى يېشىش بولۇپ، خۇددى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئاشىق-مەشۇقلار داستانلىرىدىكى يارىتىلغان ئاياللار ئوبرازىنىڭ جىنسىي پەرق بىلەن مۇناسىۋەتلىك پېرسوناژ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، سىياسىي خاھىشقا بويسۇندۇرۇپ، ئۇ داستانلاردىكى مۇھەببەتنى ياكى پېرسوناجلارنى «سىنىپىي كۈرەش» ياكى ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولى دەپ چۈشەندۈرگەنگە ئوخشاش، شېئىرنىڭ ئۆزىدە يوق نەرسىلەرنى ئاساسسىز تېڭىپ، تېپىپجان ئېلىيوپنىڭ مۇھەببەت لىرىكىسىنى سىياسىي شېئىر قىلىپ چۈشەندۈرگەن. بۇنداق چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلسە ھەرقانداق شېئىردىن ھەرقانداق مەنىنى چىقارغىلى بولسا، ھەممە شېئىر ئۇلۇغ شېئىر بولۇپ كەتمەمدۇ. ياخشى شېئىرلار بىلەن ناچار شېئىرلارنىڭ نېمە پەرقى قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر شېئىردا بەلكىم شائىرنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان، شائىرنىڭ ئېڭىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان پىسخىك تېندىنسىيە ياكى ھاياجان بولىشى مۇمكىن. ياكى قۇرۇلمىچىلىق نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا مەدەنىيەتتىكى ياكى تىلدىكى بىر خىل يوشۇرۇن ئەندىزە ئەدەبىي ئەسەردە ھەتتا يازغۇچى ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان روللارنى ئويناپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق مەدەنىيەت ياكى تىلدىكى ئەندىزە ھەرگىزمۇ خالىغانچە توقۇپ چىقىرىدىغان، كونا قاتمال سىياسىي ئىدىيەلەرنى سىياسىي خاھىش بويىچە تاڭىدىغان نەرسە ئەمەس. ھازىرقى دەۋر ھەرقانداق ئەسەرگە خالىغان

سىياسىي خاھىشنى تاڭىدىغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرى ئەمەس.
ئەگەر ئەخمەتجان ھەقىقەتەن قۇرۇلمىچىلىق تەنقىد ئۇسۇلىنى قوللانغان بولسا چۇقۇم تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇلغان ئەڭ ئومۇمىي قۇرۇلما ۋە ئۇنىڭ ئاڭسىزلىق ئاساسىنى قازغان بولاتتى. قۇرۇلمىچىلىك تەنقىدچىلىكتە ھەقىقەتەن تىلشۇناسلىق ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇ خىل تىلشۇناسلىق ئۇسۇلى ھەرگىزمۇ ئەسەرنىڭ سىرتقى گىراماتىكىلىق كۆرۈنىشى ئۈستىدە توختاپ قالغان ئەمەس. قۇرۇلمىچىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ پىشۋالىرىدىن بىرى بولغان لېۋي ستراۋس ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ داشقاينىقى ئىچىدىن كىشىلەرگە نامەلۇم بولغان بىراق سىرلىق ھالدا ھەممىنى كونترول قىلىپ تۇرغان، ئادەملەرنىڭ ئېڭىغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يۈرگۈزىۋاتقان، ماھىيەتتە تىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇرۇلمىنى ئىزدەيدۇ. ھەرگىزمۇ ئەخمەتجان ئوسمانغا ئوخشاش ھەممە ئادەمگە ئېنىق بولغان بىراق يوشۇرۇپ قېلىنغان، ئىجتىمائىيلاشقان كۆز-قاراشنى ئىزدىمەيدۇ. لېۋي ستراۋسنىڭ قارىشىچە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇ-خىل مۇناسىۋەت، قانداشلىق، ئائىلە-تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت، دىن ۋە ئەپسانىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينىدە ئادەمگە بېقىنغان ئەمەس بەلكى ئادەمنى بېقىندۇرغان قۇرۇلما مەۋجۇت. بۇ قۇرۇلما ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ ئاساسىدۇر.
سوئال: گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ سىمۋول دەۋالغانلىرى بىلەن سىمۋولىزىمچىلارنىڭ سىمۋول ھەققىدىكى قارىشى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرق بار؟
جاۋاپ: ئادەتتە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىمۇ سىمۋول تەبئىيلا مەۋجۇت .بىز سىمۋول ۋە بەلگىلەر ئارىسىدا ياشايمىز. خۇددى بودلېر ئېيتقاندەك بۇدۇنيا — بىز سىمۋول ئورمىنى. بىز ھەركۈنى تۇرمۇشىمىزدا دائىم بىر خىل بېشارەتلىك ئوي-خىياللاردىن قۇتۇلالمايمىز. ئىنسانىيەتنىڭ سانسىز ئەسىرلىك تەپەككۇر ئادىتى ۋە تەبئىي ئىنستېنكتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن باياتىن ھازىرقى دەۋرنىڭ سىمۋولنى كېرەكتىن چىقارغانلىقىنى ئېيتقاندىم. مېنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتقىنىم ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن سىمۋول ئەمەس. بەلكى، سۈنئىي سىمۋوللار.
بودلېرنىڭ قارىشىچە، سىمۋول-بىر خىل ۋاستە ئەمەس بەلكى، بىر خىل سېستىما. كىشىلەر سىمۋولنى كونترول قىلمايدۇ، بەلكى، سىمۋول مۇستەقىل مەۋجۇت .ئۇ شېئىرلارغا كىرىش ئارقىلىق بېشارەتلەر بىلەن كىتابخاندا

بىۋاستە بولغان بىر خىل تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. توماس ئېلىئوتنىڭ قارىشى بويىچە، شائىرلار ئوبيېكتىپ ماسلىقتىن پايدىلىنىپ، بىر قاتار مەنزىرە ۋە بىر قاتار ئىشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىندۇكسىيەلىك مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىتالايدۇ، يەنى ئوبيېكتىپ ماس نەرسىلەر شائىردا قوزغاتقان تۇيغۇنى شائىر پەقەت ئوبيېكتىپ ماس نەرسىلەرنى تاپشۇرۇش ئارقىلىقلا كىتابخانلاردا ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ. شائىر ھەرخىل ئىماگ، كۆرۈنۈش، ۋەقە، نەقىل، ئىبارە قاتارلىق ئوبيېكتىپ ماس نەرسىلەر ۋە نۇرغۇنلىغان سۈرەتلەر ئارقىلىق مەلۇم كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، كىتابخانلاردىمۇ ئوخشاش كەيپىيات پەيدا قىلىپ، ئەقلي تۈس ئالمىغان ھالدا كىتابخانلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا بىۋاستە سىڭىپ كىرەلەيدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل ئۇسۇل پېرىخونلارنىڭ جادۇ قىلىش ئۇسۇلى ياكى گىپنوزلۇق ماھارىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ .ئادەتتىكى كىشلەرنىڭ نەزىرىدىكى سىمۋول بىر نەرسە ئارقىلىق يەنە بىر نەرسىنى دېيىش بولۇپ، كۆرسەتكۈچى بىلەن كۆرستۈلگۈچى ئوتتۇرسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولىدۇ .مەسلەن:

كەپتەر = تىنچلىق

قىزىل چىراق = توختاش

يېشىل چىراق = مېڭىش...

قاراڭغۇ = جاھالەت

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگە.

بۇ خىل ئۇسۇل ئىپادىلەشكە ئاسانلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ۋە ئادەتكە ئايلانغان. چوڭ يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلار قىزىل چىراقنى كۆرسە توختايدۇ. چۈنكى ئۇ جەمئىيەتتە كىشلەر ئارىسىدا بىرلىككە كېلىپ كېلىشش ئارقىلىق توختاشنى بىلدۈرۈشكە بېكىتىلگەن .چوڭ يول بويىغا «بۇ يەردە ماشىنىڭىزنى توختىتىڭ» دەپ خەت چىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق .ئۇنىڭدىن چىراقنىڭ قىزىلغا ئۆزگىرىشى بىر ئاز ئەپلىك ئۇسۇل. بۇ خىل ئۇسۇل سىمۋولىزم شېئىرىيىتىدەك كىشلەرنىڭ روھىغا تەسىر قىلىدىغان سىمۋول ئەمەس. ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك بولغان، خۇددى «توختاڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە بەلگە. «توختاڭ» دېگەن سۆزدىن ھېچقانداق پەرقى يوق. سىمۋولىزم شېئىرىيىتىدىكى سىمۋول بولسا كىشلەر ئارىسىدا ئالدىن كېلىشىۋېلىپ بېكىتىلگەن نەرسە ئەمەس. گۇڭگا شېئىرچىلار دەل مەن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ئوتتۇرغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا تامامەن بولىدىغان پەقەت ئەپلىك بولىشى ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇسۇلنى سىمۋول

قىلىش دەپ چۈشىنىۋالغان. بىراق قىززىق يېرى شۇكى، بۇ خىل ئۇسۇل ئىپادىلەشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ، بىراق گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ ئىشلىتىشتىكى مەقسىدى ــ يۇشۇرۇش.

سىز يولدا كېتىۋاتقان بىراۋنى توختاتماقچى بولسىڭىز، ئۇنى «توختا !» دېسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇنىڭغا قىزىل چىراقتىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىن توختاش ئىشارىتى قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. قىزىل چىراق بەلگىسى ئېغىزدا دېيىشتىن ئەپلىك بولغاچقا قوللىنىلغان. ئېغىزدا دېيىش ئەپلىكرەك بولسا، ئېغىزدا دېيىسمۇ بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت-توختىتىش.

يولدا كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى مېڭىشتىن توختاتماقچى بولۇپ ئالدىغا قىزىل چىراقنى كۆتۈرۈپ بارسىڭىز ئۇ سىزنى گاچا دەپ قالىدۇ ياكى ساراڭ دەپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك گۇڭگا شېئىرچىلار يا سۆزلەش ئىقتىدارى يوق ياكى كاللىسىدا چاتاق بار.

]ئىزاھات[:

13يىل ئىلگىرى يەنى، 1992- يىلى بۇ سۆھبەت خاتىرىسى يېزىلغاندا «ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» دىكىلەرنىڭ تەلپى بويىچە بىر قېتىم قىسقارتىپ چىققاندۇق. كېيىن تەھرىر بۆلۈم ئۇنى گېزىتنىڭ بىر بېتىگە پاتمايدۇ، دەپ يەنە بىر قېتىم قىسقارتىپتۇ. كېيىن ئېلان قىلىنغانلىرى دەل ئاشۇ قىسقارتىلغان قىسمى ئىدى .بەزىلەر سۆھبەت خاتىرىسىدىكى بەزى قاراشلارنى دەلىللەنمىگەن، شۇڭا ئاساسي يوق دېگەندەك قاراشلاردا بولۇشتى. شۇڭا مەن تۆۋەندە بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈپ، گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مودېرنىزملىق شېئىرلارنى ۋە خەنزۇلارنىڭ گۇڭگا شېئىرلىرىنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ يازغانلىرىنىڭ مودېرنىزممۇ ئەمەسلىكىنى، گۇڭگا شېئىرمۇ ئەمەسلىكىنى ياكى ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان، ئۆزگە خاس نەرسىمۇ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىمەن.

نامراتنىڭ ئۆلىمى

ئۆلۈمدۇر ئۇ تەسەللى، ياشاتقۇچى داۋاملىق،
ئۇ ــ ياشاشتا بىردىن بىر ئۈمىد ئاخىرقى مەقسەت.
روھلاندۇرغۇچ دۇرا ئۇ بەرگەن ئىلھام ۋە شادلىق،
ئاتا قىلار زاۋالغا يۈزلەنگىدەك جاسارەت.

قۇتىرىغاندا قار باسقان زۇلمەت تۈندە شىۋىرغان،
بىزلەرگە يول كۆرسەتكەن بىرلا نۇرلۇق چىراق ئۇ،
ھەشەمەتلىك ساراي ئۇ چۆچەكلەردە ئېيتىلغان،
باردۇر ئۇندا يەپ-ئىچىش، ئارام ئېلىش ۋە ئۇيقۇ.

پەرىشتە ئۇ، سېھىرلىك قوللىرىدا سوۋغىتى،
بۇ سوۋغاتتۇر ئۇيقۇ ھەم مەپتۇنلۇق چۈش لەززىتى،
يۇمشاق تۆشەك تەييارلار ئۇ نامرات يالىڭاچقا.

ئۇ — شۆھرەتى ئىلاھنىڭ،سىرلىق ئاشلىق ئامبىرى،
ئۇ — نامراتنىڭ پۇل-مېلى ھەم مەڭگۈلۈك ماكانى،
ئىشىكى ئۇ جەننەتنىڭ باشلار يېڭى ھاياتقا.

بۇ سىمۋولىزىم شېئىرىيىتىنىڭ پېشىۋاسى بولغان فىرانسىيىلىك شائىر چارلىز بودلېرنىڭ شېئىرىدۇر. بۇ شېئىردا بىز گۈڭگا شېئىرچىلارنىڭكىدەك قالايمىقان سۆزلەر دۆۋىسىنى) چۈشلىرىم پۈتلىرىمغا يۆگىشىپ قالدى، ئېسىپ قويدۇم قارچۇقۇمغا يېشىمنى دېگەنلەردەك)، قەستەن غۇۋالاشتۇرۇشنى ئۇچرىتالمايمىز. بۇ شېئىردا ئۆلۈم ھەققىدىكى مۇرەككەپ تۇيغۇ ۋە ئوي-پىكىرلەر سىمۋوللۇق ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ئىپادىلەپ بېرىلگەن . »روھلاندۇرغۇچى دورا»، «نۇرلۇق چىراق»، «پەرىشتە»، «ھەشەمەتلىك ساراي» قاتارلىق سۆزلەرنى شائىر ئۆلۈمنى تېخىمۇ ياخشىراق تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن، ھەرگىزمۇ ئۆلۈمگە بولغان ھېس-تۇيغۇنى يوشۇرۇپ، كىشىلەرگە ھېس قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئەمەس. بىر نامرات ئۈچۈن ئۆلۈم خۇددى روھلاندۇرغۇچ دورىدەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مەستخۇش قىلىپ، بارلىق ئازابنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئۆلۈمنى روھلاندۇرغۇچ دورا دېيىش، نامراتنىڭ ئۆلۈم ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەڭگۈلۈك تېما. پەقەت ئۆلۈم ۋە ھايات ھەققىدە تەپەككۇر

قىلىدىغان ئىقتىدارغا ئىگىلا ئادەم بولسا ئۇنىڭغا بۇ شېئىر چۈشىنىكسىز تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى شائىر شېئىردا ئوتتۇرغا قويغان پىسخىك تەجرىبە كۆپ ساندىكى كىتابخانلانىڭ پىسخىك تەجرىبىسىدىن يىراق ئەمەس. پەقەت ئەقلى جەھەتتە ئاجىزلىقى بولمىغان، ھېس-تۇيغۇسىدا تۇسالغۇ بولمىغان ئادەم بولسىڭىزلا بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھېس-تۇيغۇ سىزنىڭ ھېس-تۇيغۇڭىزدا تەجرىبىدىن ئۆتىدۇ. شېئىردا ئۆلۈم ھەققىدىكى تېما باشتىن-ئاخىر ئىزچىللىقتا ۋە روشەنلىكتە ئىگە. قۇرۇلمىسى پۇختا، ئۇسلۇبى ئىنتايىن ئەستايىدىللىقتا ئىگە.
بىز ئەمدى بودلېرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يەنە بىر شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى :

قان بۇلىقى

سېزىمەن گاھ ئۆزۈمدە ئاقماقتىدۇر نۇرغۇن قان،
گويا بولاق سۈيىنىڭ ئېسەدىشى رىتىمى،
تىڭشاپ قاننىڭ شارقىراپ ئۇزاق ئېقىشلىرىنى،
تاپالمايمەن سيلاپمۇ ھېچبىر يارا ئىغىزى.

ئېقىپ ئۆتەر شەھەردىن ئۆتكەن كەبى جاڭگاھتىن،
يوللار — دېڭىز، ئارالغا ئايلىنىدۇ ئۇششاق تاش،
نەملەر پارچە نەرسىنىڭ چاڭقاپ كەتكەن گېلىنى،
بويىلىدۇ تەبىئەت قىزىل رەڭگە بىر تۇتاش.

تىلەپ دائىم نىجاتلىق مەست قىلغۇچى شارابتىن،
يوقات دەيمەن قىينىغان ۋەھىمىنى، ئۇ لېكىن-
سەگەكلىتىپ قۇلاقنى، يورىتىدۇ كۆزۈمنى.

كۈتسەم ئۇيقۇ سۆيگۈدىن، ئۇنتۇش ئۈچۈن ئازابنى،

بىراق سۆيگۈ نەشتەردەك تېشىپ كىرىپ تېنىمنى،
شوراتقۇزدى پاھشە ئايالللارغا قېنىمنى.

بۇ شېئىردا يېزىلغىنى غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى بولۇپ، بىر ئاز ئالاھىدە، شۇڭا بۇنداق ھېس-تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن شېئىرنى چۈشىنىش كىشىدە ئالاھىدە ھېس-تۇيغۇ تەجرىبىسى، پسىخلوگلارغا خاس كۆزىتىش ئىقتىدارى ياكى ئاز-تولا پسىخلوگىيە بىلىمى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىلا ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسىدىكى نورماللسىزلىق ھەققىدىكى بىلىملەر دۇنيادا ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ، كىشلەرنىڭ ئاددى ساۋاتىغا ئايلانغان .شۇڭا بۇنداق ئادەمدىكى ئالاھىدە بولغان تۇيغۇ ياكى روھىي تەجرىبىلەر تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەر كىشلەرگە ئىلگىرىكىدەك ئاجايىپ-غارايىپ تۇيۇلماس بولۇپ قالدى. بىراق مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزىنى-ئۆزى چېكىندۈرۈپ، ئۆزى بىلمىگەن نەرسىگە ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئۇنى بىلىشتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىش ئادەتكە ئايلانغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پىسخولوگىيىدىكى ئاددى بىلىملەر تېخى ئومۇمىلاشمىغاچقا، ئىنسانىنىڭ ئۆز روھىنى كۆزىتىش، ئۆزىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت دۇنياۋى يۈزلىنىشى ئۇيغۇرلارغا تەسىر قىلمىغاچقىلا كىشلەر بۇنداق ئەسەرلەرنى چۈشەنمەيدۇ. دۇنيادا ھەممە ئىنسانلارغا ئوخشاشلا ھەرخىل پىسخىك ھالەتلەر ئۇيغۇر ئىچىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، بىراق كىشلىرىمىز ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ پسىخىكىسىنى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. يۇقىرىقى شېئىردا تەسۋىرلەنگەندەك روھىي ھالەت نۇرغۇنلىغان كىشلىرىمىزدە مەۋجۇت بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۆزىدىكى بۇ روھىي ھالەتنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئۆزىدىكى روھىي ھالەتنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان روھىي ھالەت ۋە كەيپىياتنى چۈشىنىشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ؟
»قان بۇلىقى» ناملىق بۇ شېئىردىن بىز ئالدى بىلەن بودلېرچە بىر خىل ئىستېتىكا، يەنى سوغوق ۋە ۋەھىملىك گۈزەللىكنى ھېس قىلىمىز. شېئىرنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى مۇنداق:
شېئىرنىڭ ئاپتورى: چارلېز بودلېر (روھىي كېسەللىك تارىخى يوق.(
شېئىردىكى سۆزلىگۈچى: غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچى بىمار.
شېئىردىكى ئاڭلىغۇچى: نائېنىق كۆزەتكۈچى.
شېئىرنى ئوقۇغۇچى: بىز.

شېئىرنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

بىرىنچى كۇبلېت: ئۆز تېنىنى كۆزىتىشتىن پەيدا بولغان خىيالى سېزىم.

ئىككىنچى كۇبلېت: خىيالى سېزىمنىڭ كېڭەيتىۋېتىلگەن تەسەۋۋۇرى.

ئۈچىنچى كۇبلېت: قۇتۇلۇش خاھىشى ۋە ھاراق ئىچكەندىن كېيىنكى خاتا تۇيغۇ.

تۆتىنچى كۇبلېت: قۇتۇلۇش خاھىشى ۋە بۇرمىلانغان سۆيگۈ تەسىراتى.

شېئىردىكى كەيپىيات باشتىن-ئاخىرى ئازابلىق، غەلىتە ۋە ۋەھىمىلىك بولۇپ، تېپىك غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن .

تەن سېزىمىدىكى خىيالى تۇيغۇ ئادەتتە ناھايىتى بىمەنە ۋە ئاجايىپ-غارايىپ بولۇپ، شەكلى خىلمۇ-خىل ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. بىماردا كېسەللىك گۇمانىي خام-خىيالى، زىيانكەشلىككە ئۇچراش خام-خىيالى ياكى غەمكىنلىك كېسىلى كۆرۈلگەندە بىمار دائىم ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ ھەركىتىنى، قان ئايلىنىشىنى ۋە سەزگۈلەرنىڭ تارقىلىشىنى كۆزىتىش جەريانىدا خىيالى تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: بەزىلەر يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئۈنلۈك ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. ھەتتا، بەزىدە يۈرىكىدىن چىققان «گۈپ-گۈپ...» قىلغان ئاۋاز ئۆز بەدىنىدىن ھالقىپ چىقىپ، سىرتقىي مۇھىتتىمۇ ياڭراۋاتقاندەك سېزىدۇ .بەزىلەر قېنىنىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ، ياكى قانىنىڭ ئېقىشى تېزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بەزىلەر ئۈچەيلىرى پارچە-پارچە بولۇپ كېتىۋاتقاندەك ياكى توسۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل بۇرمىلانغان تۇيغۇ بەزىدە تەن شەكلى تۇيغۇسى ئۇنىۋېرسال كېسەللىكى ھالىتىدە باشقا كېسەللىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: بەزىلەر ئۆز تېنىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك، تېرىسىنىڭ رەڭگى ئېنىق ئۆزگىرىپ باشقا رەڭگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشى مۇمكىن. بەزى بىمارلار مەلۇم ئەزالىرى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك مەسىلەن: بېشى چوڭىيىپ كەتكەندەك، پۇت-قوللىرى قىسقىراپ كەتكەندەك سېزىشى مۇمكىن.

شېئىردىكى تەسەۋۋۇر باشتىن-ئاخىر بۇرمىلانغان بولۇپ، سۆزلىگۈچى ئۆز تېنىنى بۇرمىلانغان ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بىر خىل تەشۋىش ئۇنى چىرمىۋالغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغاندەك تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇ خىل ھالاكەتنىڭ شەپىسى ئېلىپ كەلگەن ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ شاراپقا تايىنىپ، شاراپ بىلەن ئاشۇ ھالاكەتنى سەزگۈچى تۇيغۇلىرىنى مەست قىلىپ قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ. بىراق مەستلىك ئۇنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئۇ شاراپنى ئىچكەنسېرى ئۆزىنى تېخىمۇ سەگەكلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ئاشۇ ھالاكەتلىك

بىشارەت تېخىمۇ روشەنلىشىپ بىرىنۋاتقاندەك سېزىدۇ. شارابنىڭ سۆزلىگۈچىنى مەست قىلماستىن بەلكى تېخىمۇ سەگەكلەشتۈرىۋېتىشى بىر خىل بۇرمىلىنىش بولۇپ، سۆلىگۈچىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئەسلىدىلا بۇرمىلانغان بولغاچقا شاراپ ئۇنىڭدىكى ئەقلىيلىكنى يوقىتىپ ئۇنى تېخىمۇ كېسەل ھالەتكە كەلتۈرگەچكە ئۆزىدىكى بۇرمىلانغان تۇيغۇنىڭ كۈچىيىشى يەنى، سۆزلىگۈچىنىڭ بايانى بويىچە ئۇنى تېخىمۇ «سەگەكلەشتۈرىۋېتىشى» تەبئىي.

شېئىردىكى تۇيغۇمۇ بىر خىل كۆپتۈرۈلگەن تۇيغۇ. بۇ بىر خىل تەن تۇيغۇسىنى كۆپتۈرىۋېتىش خام-خىيال تەلۋىلىكى بولۇپ، ئادەتتە روھىي پاراكەندىچىلىك ۋە غەمكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. بىمار بەزىدە ئۆز تېنىنى ئىككىدەك ياكى ئۇچتەك ھېس قىلىشى مۇمكىن. بەزى بىمارلار ھەتتا باشقا بىر جايدا ئۆز تېنىنىڭ باشقا بىر قىسمى باردەك سېزىشى مۇمكىن. شېئىردا سۆلىگۈچى ئۆز قېنىنىڭ ئايلىنىش دائىرىسىنى كۆپتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، خۇددى پۈتكۈل شەھەر بىلەن تېنى بىرلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل بۇرمىلانغان تۇيغۇنىڭ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئاساسى بەلكىم ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئادەم روھىنى تەبئەت روھى بىلەن بىرلەشتۈرۈش چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىشى مۇمكىن.

شېئىرنىڭ ئاخىرىدا سۆزلىگۈچىنىڭ نەزىرىدىكى بۇرمىلانغان جىنسىيەت قارىشى ئىپادىلەنگەن. سۆزلىگۈچى جىنسى تەلەپتىن بىر خىل روھىي ئازاپ ۋە پۇشايمان تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ ياشايدۇ.

بودلېر ياشىغان دەۋر بىر خىل قىممەت قارىشى ۋەيران بولۇپ يەنە بىر خىل قىممەت قارىشى تېخى تۇرغۇزۇلمىغان، كىشلەر ئىككى خىل قىممەت قارىشى ئارىسىدا ئىزتىراپقا چۈشكەن دەۋر بولۇپ، غەمكىنلىك كېسىلى مانا مۇشۇنداق ئىزتىراپنىڭ مەھسۇلى. كونا قىممەت ئۆلچەملىرىدىن بىزارلىق، يېڭى قىممەت ئۆلچەملىرىدىن قورقۇش، كىشلەردىكى روھىي خاتىرجەمسىزلىكنى بۇزىدۇ. شەخس ئۆز تۇرمۇشىدا ئۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىسا ياكى مەغلۇپ بولۇپ كىرزىس تۇيغۇسىغا پېتىپ قالسا ئۇنىڭ روھىدا كېسەللىك يۈز بېرىدۇ. مەدەنىيەت ۋە ياشاش شارائىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ تېزلىشىپ كېتىشى شەخسلەرگە ئارام بەرمەي، ئۇلار ئۆز روھىدا پەيدا بولغان توقۇنۇشنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ روھىي بېسىم غەمكىنلىك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بودلېرنىڭ ئىككى پارچە شېئىرىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، مودېرنىزملىق شېئىرلار گۈڭگا شېئىرچىلارنىڭ يازغانلىرىدەك قالايمىقان نەرسىلەر ئەمەس. ھەممىسىنىڭ پسىخىكا، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئاساسى بار. ئۇلار تۇيغۇدا ئىزچىللىققا، ئىپادىلەش شەكلىدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن روھىي كېسەللىك ۋە چۈش مۇھىتمۇ تەبئىي ۋە چىن بولۇپ، ھەقىقىي روھىي كېسەللىك ۋە چۈشكە ئوخشايدۇ. گۈڭگا شېئىرچىلار بولسا

روھي كېسەللىك ھالىتى ۋە چۈشىنى تەتقىق قىلمىغاچقا، كۆزەتمىگەچكە ئۇنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي، يالغان چۈشنى توقۇپ چىقىرىدۇ.
ئەمدى بىز مودېرنىزم ئېقىملىرى ئىچىدە بىر قەدەر رادىكاللىراق  بولغانلىرىدىن كەلگۈسىزىم ئېقىمىدىكى شېئىرلاردىن ئىككىنى كۆرۈپ باقايلى:

كېچە

ماياكوۋېسكى(روسيە(

قاندەك قىزىل ھەم تاتارغان،پۈرلەپ تاشلانغان،
ئالتۇن تەڭگە چېچىلماقتا يېشىللىقلارغا،
شىلانماقتا كۆيگەن، سېرىق يالتىراق قارتلار،
ئۇچۇپ كەلگەن كۆزنەكلەرنىڭ قارا قولىغا،

خىراماندۇر ھېچ چۆچۈش يوق مەيدانلار ئارا...
ئورالسىمۇ كۆك تون بىلەن بىنالار مەھكەم.
چىراغ نۇرى خۇددى تال تال ئالتۇنرەڭ يارا،
سالار ئالتۇن ھالقا يۈگرۈك پۇتلارغا ھەردەم.

خۇددى چاققان تاغىل مۈشۈك كىشلەر توپى،
سەرسان قىلار ،تۈگۈلدۈرەر ئېزىتقۇ ئىشكلەر،
كۈلكىلەردىن قۇيۇلغان زور مېتال دۆۋىدىن،
بىرەر پارچە ئېلىشنىمۇ خالىماس كىملەر؟

ئېزىقتۇرار يوپكىلارنىڭ ئۆتكۈر تىرنىقى،

سانچىلىدۇ زورلاپ كۆلكەم قىزلار كۆزىگە،
بېشىغا پەي قىسقان بىر توپ ئەبلەخ دەھشەتلىك.
كۆلەر تۆنگە دۇمباق كەبى ئەسەبىيلەرچە.

ماياكوۋىسكى ستېرئو كەلگۈسىزىم ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئايالچە سېرىق چاپان كىيىۋېلىپ، يۈزلىرىنى بوياپ، چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سەۋزە تىقىۋېلىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ غەلىتە ياسىنىشى ئارقىلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ غەلىتە شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەخلاق مىزانلىرىغا ۋە ئەنئەنىگە قارشى چىقىدىن ئاشقان ئىددىيەلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى شېئىرغا ئوخشاش غەلىتە ئۇسلۇبتا يېزىلغاندى. ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكى ئوخشىتىشلاردا ئابستراكىت، يەنى كىشىلەر ئاسان كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدىغان نەرسە كونكېرىت ۋە ئوبرازلىق نەرسىگە ئوخشىتىلىپ كىشىلەرنىڭ ئەسەردىكى تەسۋىرلەرنى تېخىمۇ ئېنىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىراق ماياكوسۋېسكىنىڭ بۇ شېئىرىدىكى ئوخشىتىش ئەنئەنىۋى شېئىرلاردىكى ئوخشىتىش بىلەن زادى ئوخشىمايدۇ .ئەنئەنىۋى شېئىرلاردا ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى بىر-بىرىگە مەلۇم جەھەتتە ئوخشىشىدۇ. بىراق ماياكوۋىسكىنىڭ بۇ شېئىرىدىكى ئوخشىتىشىدا زادىلا بىر-بىرىگە زادى يېقىن كەلمەيدىغان، ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىشى يوق نەرسىلەر بىر-بىرىگە ئوخشىتىلىپ، بۇرۇن بولۇپ باقمىغان يېڭىچە بىر بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. يەنە بۇ ئوخشىتىشتىكى بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي باغلىنىشسىز نەرسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشسىزلىق ئۇلار ئىپادىلىگەن مەنانى تېخىمۇ زور كەڭلىككە ئەگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىتىش سىمۋول تۈسىنى ئېلىپ، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ .شېئىرىدىكى ئوخشىتىشلار كىشىگە ئەقلىگە سىغمايدىغان ۋە غەلىتە تۇيۇلىدۇ. تال-تال چۇشۇپ تۇرغان چىراق نۇرىنىڭ ئالتۇنرەڭلىك يارا ئېغىزىغا ئوخشىتىلىشى، كوچىغا لىق تولغان كۆلكىلەرنىڭ غايەت زور مېتال دۆۋىسىگە ئوخشىتىلىشى قاتارلىقلار ئادەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. بۇ يەردە ئوخشىتىش نوقۇل ئوخشىتىشلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەنئەنىۋى ئەسەرلەردە «كۈمۈش قوڭغۇراقتەك كۈلكە ئاۋازى«،» ئالتۇن يىپلاردەك چۇشۇپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرى» دېگەندەك تولا تەكرارلىنىپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئوخشىتىشلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيتى يوق بولۇپ، تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنى سۈپەتلەش روولىنىلا ئۆتەيدۇ. «كۈمۈش

قوڭغۇراقتەك كۆلكە ئاۋازى»دېگەن ئوخشىتىش بىزگە پەقەت بۇ يەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان كۆلكە ئاۋازىنىڭ زىل، يېقىملىق، كىشىنى مەپتۇن قىلالايدىغانلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بىراق ماياكوۋېسكىنىڭ شئىرىدىكى» تۆمۈر دۆۋىسىگە ئوخشىتىلغان كۆلكە» بولسا شائىردىكى ئىنتايىن غەلىتە بىر تۇيغۇنى بىر كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن غەلىتە، بىر كۆرۈنۈشتە ئىنتايىن ئىپتىدائى ھالەتتە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تۆمۈر قېتىشمىسى بىلەن«كۆلكە»ئارىسىدا ھېچقانداق بىر ئېنىق ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلەر يوق. ئۇلار بىر-بىرىدىن ئىنتايىن يىراقتا تۇرىدۇ .ئۇلار ئارىسىدا مۇشۇ يىراقلىق، ئۇلار ئارىسىدىكى دەل مۇشۇ ئوخشىماسلىق بۇ ئوخشىتىشنى يۈكسەك بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، مەنا جەھەتتە غايەت زور بىر سىغىمچانلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى «ئالتۇن يىپلاردەك چىراق نۇرى» دېگەن ئوخشىتىشنى ئۇچراتساق، بىز بۇ ئوخشىتىشتىن ئالتۇن يىپ بىلەن چىراق نۇرىنىڭ ئوخشايدىغانلىقى، چىراق نۇرىنىڭ ئالتۇن يىپقا ئوخشىتىلغانلىقىنى، پەقەت چىراق نۇرىنىڭ تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ تەسۋىرلىنىشى ئۈچۈنلىكىنى ئاسانلا بىلەلەيدۇ. بىراق چىراق نۇرلىرى بىلەن ئالتۇن رەڭ يارىچۇ؟ ئۇلار بىر-بىرىگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئالتۇن رەڭ يارا ھەرگىزمۇ چىراق نۇرلىرىنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئاددى رەسىم ئاپپاراتىدا تارتىلغان رەسىمدەك ئۆز پېتى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شائىرنىڭ روھىدىكى مۇرەككەپ تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. شۇ نەرسىگە دىققەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈركى، رېئالىزىم ئەدەبىياتىدا ئەڭ مۇھىمى رېئاللىقنى قايتا ئەكىس ئەتتۈرۈش بولسا، مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا رېئاللىقنى خۇددى ئەينەكتەك ياكى رەسىم ئاپپاراتىدەك ئۆلۈك ھالدا قايتا ئەكىس ئەتتۈرۈپ قويۇشنى ئەدەبىيات دەپ قارىمايدۇ .يەنى ئەدەبىي ئەسەر رېئاللىقنى ئەكىس ئەتتۈرمەستىن، بەلكى ئىپادىلەش كېرەك. شۇڭا ماياكوۋېسكىنىڭ شېئىرلىرىدىكى چىراق نۇرلىرىنىڭ سېرىق رەڭلىك يارىغا ئوخشىتىلىشى رېئاللىقنى ئەكىس ئەتتۈرۈش ئەمەس، پەقەت شائىرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى سۇبيېكتىپ ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. شائىرنىڭ شېئىردا ئىپادىلىگىنى مەلۇم بىر پەندى-نەسىھەت، پەلسەپىۋى گەپلەر، سىياسىي قارا، مەلۇم قاراشلار ياكى شوئارلار بولمىغانلىقتىن ئاشۇنداق يېزىلغان شېئىرلارنى كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن كىتابخانلار بۇنداق شېئىرلاردىمۇ ئاشۇ نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ. ئۇ نەرسىلەر تېپىلمىسا بۇ شېئىرنى چۈشەنمىدۇق دەپ ۋايسىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن نەرسە كۆزقاراش ئەمەس، بەلكى تۇيغۇ بولغاچقا، ئۇنى پەقەتلا ھېس قىلغىلىلا بولىدۇ. بۇ ماياكوۋېسكىنىڭ تۇنجى شېئىرى بولسىمۇ، بىراق ماياكوۋېسكىنىڭ ئاجايىپ شېئىرى تالانتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن شېئىردا

گەرچە «كېچە» ياكى ئۇنىڭغا يېقىنراق سۆزلەر ئۇچىرىمىسىمۇ، رەڭلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق كېچىنىڭ ئاستا-ئاستا يېتىپ كېلىشى، ئەتراپنىڭ قاراڭغۇلىشىشى، كېچە قوينىدىكى كىشلەر، كوچىلار، قۇرۇلۇشلار، كېچىدە كېزىپ يۈرگەنلەر، لۈكچەكلەر ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن. كۈندۈز ئاستا-ئاستا يوقالماقتا...گۈگۈم چۈشمەكتە، ئاخىرقى قۇياش نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان ئالتۇن تەڭگىلەردەك كىشلەرنىڭ ئالدىغا تاشلانماقتا. بىراق تېز يوقالماقتا...قاراڭغۇ چۈشمەكتە، قاپقاراڭغۇ دېرىزىلەر بارا-بارا يورىماقتا...ئەسەردە تەسۋىرلەنگەنلەر مانا مۇشۇلار، بىراق شائىر ئاجايىپ-غارايىپ ئوبرازلار ۋە غەلىتە ئوخشىتىشلار ئارقىلىق بۇ مەنزىرىلەرنى تاماملاپ سۇبيېكتىپ ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرنى تەسۋىرلەرگە ئۆزگەرتىپ كىشىگە ئاجايىپ غەلىتە ۋە مۇرەككەپ تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇسا بۇ تۇيغۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ ماڭىدۇ.

شەھەر چوڭ دوۋزىقى

ماياكوۋېسكى

پارچىلايدۇ كۆزنەكلەر ئېمىپ چىراق نۇرىنى،
كىچىك-كىچىك دوۋزاق قىلىپ شەھەرنى-چوڭ دوۋزاقنى،
قىزىل چاچلىق جىن كەبى ئۇچار ماشىنىلار ھەم،
چىرقىرىتىپ كارنىيىنى،گاس قىلغۇدەك قۇلاقنى،

شۇ ۋېۋىسكا ئاستىدا،كۆك بېلىق بازىرىدا،
ئىزدەپ يۈرەپ كۆز ئەينەك قېرىپ كەتكەن بىر بوۋاي،
چىقرىپ كەچ قۇيۇنى چېپىپ ئۆتسە ئاپتۇبۇس،
ئالاق-جالاق بوپ كۆزى،يىغلاپ تاشلار بولالماي،

كۆككە يەتكەن بىنالار تۆشۈكىدە كۆيەر ئوت،

ياسار ئۇزۇن كاربدور پاراۋوزىنىڭ تۆمۈرى،
ياربدار قۇش نۇرلىرى ئېقىپ چۈشكەن جايلارغا،
چۈشۈپ كېلەر ئۇرۇلۇپ ئايروپىلان ساداسى،

مەست،شەھۋەتخور كەچ ھۇزۇر ئالار ئۆز شەھۋىتىدىن،
پۈرلەپ چىراغ نۇرلىرى چۈشكەن كىرلىكنى تالاي،
بۇ شەھەرنىڭ گۈگۈمى كەينىدىنلا مىسلىداپ،
يېتىپ كىلەر ھېچكىمگە لازىمى يوق چۈشكۈن ئاي.

بۇ شېئىرنى بىر ئوقۇشتىلا بىز ئۇنىڭ «كېچە» ناملىق شېئىر بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى سېزىپ يېتەلەيمىز. بۇ شېئىرنى ياخشىراق چۈشىنىش ئۈچۈن «كەلگۈزىم خىتابنامىسى»نى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقساقلا بولىدۇ. بۇ بىر پارچە تىپىك كەلگۈسىزىم ئۇسلۇبىدىكى شېئىر، كەلگۈسىزىم ئىدىيىسى، كەلگۈسىزىم روھى ئىپادىلەنگەن.
بۇ شېئىردا زورلۇق كۈچ تەلۋىلىك بىلەن مەدھىيەلەنگەن. شەھەرلەردىكى سانائەتلىشىش ۋە ماشىنىلار، تۇرخۇن، پويىزلارنىڭ كۈچى ھەمدە ھەتتا ئايرىپلانلارنى ئوقۇلغان. بۇ «كېچە» دېگەن شېئىرغا ئوخشاش ساپ تۇيغۇ تەسۋىرلەنگەن شېئىر ئەمەس. بۇ شېئىردا پىكىر ۋە كۆز قاراش خېلى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن.
»پارچىلايدۇ كۆزنەكلەر ئېمىپ چىراغ نۇرىنى، كىچىك-كىچىك دوزاخ قىپ شەھەرنى چوڭ دوۋزاقنى«
بۇ مىسرالاردا پۈتكۈل شەھەر بىر چوڭ دوۋزاققا ئوخشىتىلغان. ھەربىر كۆزنەك ئايرىم تۇرغان بىردىن ئۆي، ئاشۇ چوڭ دوۋزاقنىڭ پارچىلىنىشىغا ئوخشىتىلغان. كىشىلەر بۇ مىسرالارنى ئوقۇپ، شائىر بۇ يەردە شەھەرنىڭ قاينام-تاشقىنىنى بىر دوۋزاققا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭدىن ھەم قورقۇش ھەم نەپرەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەت تامامەن ئەكسىچە. يەنى شائىر بۇ يەردە شەھەرنى دوۋزاققا ئوخشىتىش ئارقىلىق شەھەردىكى بىر خىل ئەسەبىيلىكنى ۋە زورلۇق كۈچىنى مەدھىيلىگەن. بىز ئادەتلىنىپ كەتكەن قارىشىمىز بويىچە دوۋزاققا ئوخشاتقىنىنى كۆرۈپلا بۇنى بىر خىل نەپرەت دەپ قارايمىز. ئەمەلىيەتتە شەھەرنى دوۋزاققا ئوخشاتقىنى بىر خىل زورلۇق كۈچىنىڭ ھەيۋىسىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

»قىزىل چاچلىق جىن كەبى ئۇچار ماشىنىلار ھەم،چىرقىرىتىپ كارنىينى گاس قىلغۇدەك قۇلاقنى«.

بۇ يەردىكى ئوخشىتىشمۇ پەقەت ماشىنىلارنىڭ ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر. بىز بۇ يەردىكى ئوخشىتىشقىمۇ ئۆزىمىزنىڭ كۆنۈپ كەتكەن قائىدىمىز بويىچە مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ. بۇ كۇپلېتتا پۈتۈنلەي شەھەرلەردىكى زامانىۋىيلىشىش، يېڭىلىقلار ۋە كوچكە، سۈرەتكە مەدھىيە ئوقۇلغان. چۈنكى بۇ نەرسىلەر كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. كەلگۈسىزىمچىلار ئۆتمۈشنى تامامەن ئىنكار قىلىپ، پەقەت كەلگۈسىنىلا كۆزلەيدۇ. شۇ شېئىرنىڭ ئىككىنجى كۇپلېتىدا بىر بوۋاي كۈلكىلىك ئەھۋالدا مەسخىرە قىلىنغان.

"شۇ ۋېۋىسكا ئاستىدا، كۆك بېلىق بازىرىدا، ئىزدەپ يۈرەر كۆز ئەينەك قېرىپ كەتكەن بىر بوۋاي. "بۇ كۇپلېتتا تەسۋىرلىنىۋاتقان بوۋاي بىر خىل ھالسىراشنىڭ، كونىراشنىڭ ۋە ۋاقتى ئۆتكەنلىكنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ بىر خىل كۈچسىزلىكنىڭ، ئۆتمۈشنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەسخىرە قىلىنغان. ئۇ يىراقنى كۆرەلمەيدۇ .كۆز ئەينەكنى ئىزلەپ يۈرگىنى ئۇنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگۈدەك ۋە ھېس قىلغىدەك ھالىنىڭ قالمىغانلىقى بولۇپ، تەرەققىيات، يېڭىلىق ۋە كەلگۈسىدىن قورقىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئالدىدىن تەرەققىيات ۋە كەلگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان ماشىنا ھەيۋەت بىلەن قۇيۇن چىقىرىپ ئۆتكەندە، ئۇ بولالماي قالىدۇ. بۇ يەردە يېڭى ھاياتى كۈچ مەدھىيىلىنىپ، ھاياتي كۈچى يوقالغان ئۆتمۈش مەسخىرە قىلىنغان.

شېئىرنىڭ ئۈچىنچى كۇپلېتىدىمۇ ماشىنىلارنىڭ، ئايروپىلاننىڭ ۋە تەرەققىياتنىڭ ئاجايىپ زور ھاياتى كۈچى ۋە ھەيۋىسى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بىرىنچى كۇپلېتنىڭ تولۇقلىمىسى.

"مەست شەھۋەتخور كەچ ھوزۇر ئالار ئۆز شەھۋىتىدىن/پۈرلەپ چىراق نۇرلىرى چۈشكەن كىرلىكنى تالاي".

بۇ مىسرالاردىمۇ ئادەمدىكى ھاياتى كۈچ،يەنى يېڭى بىر جاننى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بولىدىغان شەھۋەتخورلۇق مەدھىيىلەنگەن. بۇ يەردە جىنسىي ھاياجان يېڭى بىر ھاياتى كۈچنىڭ ياراتقۇچىسى سۈپىتىدە مەدھىيىلەنگەن.

"بۇ شەھەرنىڭ قۇياشى كەينىدىلا مىسلداپ/يېتىپ كېلەر ھېچكىمگە لازىمى يوق تولۇنئاي".

بۇ مىسرالاردىكى ھېسسىيات بىزگە تېخىمۇ ئېنىق. بۇ يەردە شائىر ئاينى پۈتكۈل نازۇكلۇق ۋە گۈزەللىك سۈپىتىدە ئىنكار قىلغان. "كەلگۈسىزىم خىتابنامىسى"نى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقساقلا بۇ يەردىكى ئىددىيە بىزگە تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ.

ئەمدى بىز گۇڭگا شېئىرچىلار بىۋاستە ئەگەشكەن ۋە ئۆزلىرىگىمۇ ئىسىم قىلىپ قويۇۋالغان جوڭگو ئەدەبىياتىدىكى گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى بولغان بېي داۋنىڭ بەزى مىسرالىرىنى

كۆرۈپ باقايلى:

ئەتە ئەتىگەن

مىلتىق ستۋولى ۋە قانلىق قۇياش

تاپشۇرۇشقا قىستىسا ئەركىنلىك،ياشلىق باھار ھەمدە قەلەمنى

ھەرگىزمۇ تاپشۇرمايمەن مۇشۇ كېچىنى

تاپشۇرمايمەن ھەرگىزمۇ سېنى

مەيلى ئېغىزىم توسۇلسۇن تام بىلەن

مەيلى جۇدا قىلسۇن ئاسمىنىمدىن تۆمۈر پەنجىرە

قان دولقۇنلار پەقەت يۈرەك سېلىپ تۇرسىلا

ئىزنا بولۇپ كۆلكەڭ قىزىل ئاينىڭ يۈزىدە

دېرىزەم تۈۋىدە چاقناپ ھەر كېچە

قوزغىتىدۇ مەندە ئەسلىمە

"-يامغۇرلۇق كېچە"دىن

بۇ مىسرالاردىن بېيداۋنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ مىسرالار ھەرگىزمۇ بىر توپ ئوخشىتىشلارنىڭ خالىغانچە دۆۋىلىنىپ قويۇلىشى ئەمەس. بۇ ئىنساندىكى ئىنساني تۇيغۇنىڭ تراگېدىيىسى ئىپادىلەنگەن شېئىر بولۇپ، ئىلگىرىكى جوڭگو شېئىرىيىتىدىكى ئىنساننىڭ ئورنى يوقالغان، شېئىر كاناي ۋە شوئارغا ئايلانغان ئەھۋالدىن باشقىچە يول تۇتۇلغان بولغاچقا 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدا كىشىلەرگە چۈشىنىكسىز تۇيۇلغاندى.

شېئىردا ئالاھىدە شارائىتنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنى بۇرمىلىشى بىلەن ئىنساننىڭ تىركىشىش تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئىنساني تەبئەت ۋە جىسماني ئىستەك ئۆچۈن ئىنسان روھىنى كونترول قىلىپ تۇرغان مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىش خاھىشى تەسۋىرلەنگەن. شائىرنىڭ بۇ خىل خاھىشى ئىنساننىڭ ماھىيىتى چەتكە قېقىلغان، ئىنساننىڭ ئارزۇ-تەلپى ئەيىبلەش ۋە دەپسەندە قىلىش ئىچىدە قالغان ئاشۇ

دەۋرلەردە ھەقىقەتەن ئاجايىپ قىممەتلىك ئىدى.

بىزدىكى ئاتالمىش گۇڭگا شېئىرلار بارلىققا كەلگەن ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ كىشىلىرىمىز ئۇلارنى گاھ مودېرنىزىم دېسە گاھ جوڭگو گۇڭگا شېئىرلىرىنىڭ داۋامى دەپ قاراپ كەلدى .ھەتتا گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ "جوڭگو مىقياسىدا «گۇڭگا شېئىرلار «بارلىققا كەلگەندە، بۇ ھەقتە قىزغىن بەس-مۇنازىرە بولۇۋاتقاندا ئۇيغۇرلاردىمۇ شېئىرىيەت ھەركىتى باشلاندى" («قەشقەردىكى يەرشارى» نىڭ كىرىش سۆزىدىن) دەپ، بۇ خىل قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يۇقىرىدا مەن بۇ خىل "شېئىرلار"نى مودېرنىزملىق شېئىرلار ۋە جوڭگونىڭ گۇڭگا شېئىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار مودېرنىزممۇ ئەمەس، گۇڭگا شېئىرمۇ ئەمەس دېسەم، بەلكىم ئۇلار دەرھال سۆز ئۇيۇنى ئويناش ھۈنىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ "دېمەك بىز ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايمىز، چۈنكى بىزنىڭ يولىمىز ئۆزىمىزگىلا خاس" دەۋېلىشى مۇمكىن. مەن بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتالايمەنكى، ئۇلارنىڭ يازغانلىرى پەقەت قاملاشتۇرالماسلىق ۋە يېڭى قېلىپبازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر ئىقتىدارسىزلىقنى "ئۆزگە خاس يول تۇتۇش" دېسەك بىز ئىقتىدارسىزلىققا ئىقتىداردىن يۇقىرىراق ئورۇن بەرگەن بولۇپ قالىمىز.

بىرىنچى، گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ يازغانلىرى يېڭىلىق ئەمەس.

بىز گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ يازغانلىرىغا قارايدىغان بولساق ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىكى ساۋادلارنىڭ ئۆلگىسى بولغان "دانكو"، "ئا "Q دېگەندەك ئاتالغۇلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ سۆزلەردە ھەتتا ئۇلارنىڭ ماختىنغۇچىلىرى يازغان ماقالىلاردىمۇ دائىملا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار بۇرۇنقى ئىنقىلابىي ماقالىلار ۋە ئەسەرلەردە تولا تەكرارلىنىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ ئۇنى دوراپ يۈرۈشى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ قاتماللىشىپ ئاشۇ بىر نەچچە خىل سۆزدە تۇرۇپ قېلىشى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋادتىن باشقا ئەدەبىيات ساۋادى بىلەن ئۇچراشمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن، پولات ھېۋىزۇللانىڭ «دانكو» ناملىق شېئىرىدا گوركىينىڭ دانكوسى قايتا تەكرارلىنىپ چىقىلغان.

بىر يەنە ئۆمەر مۇھەممەتىمىننىڭ» جىنازىدا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بىر روبائىيسىنى سېلىشتۇرۇپ باقساق، مەزمۇنىدا ھېچقانداق پەرق يوقلۇقىنى بايقايمىز. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر رۇبائىيسىدا پەقەت قەبرىدىلا ئادەملەرنىڭ تەڭسىزلىكلەردىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان بولسا، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن تەڭسىزلىك ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن پەقەت جىنازىدىلا خالاس بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان. بۇ يەنە بۇغدا ئابدۇللارنىڭ "ئىنسانغا تىنىچلىق يوللار نەدە؟/بىرى بۆشۈكتە/بىرى قەبرىدە" دېگەن مىسرالىرىدىن

مەزمۇن جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ. ھەتتا ئۇلاردىكى تەسەۋۋۇر ۋە ئىستىلىستىكىلىك ۋاستىلەرمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. گۇڭگا شېئىرچىلار پەقەت باشقىلاردەك قاملاشتۇرالماي، قاپىيە-ۋەزنىدىن ئېرىنىپ چاچما شېئىر شەكلىدە يازغانلىقى ئۈچۈنلا يېڭى ھېسابلىنىشى كېرەكمۇ؟

ئىككىنچى، قېلىپبازلىقنى، تەقلىدچىلىكنى بۇزىمىز دەپ يېڭى قېلىپبازلىقنى ئوتتۇرغا چىقاردى .مەسىلەن:

قورقماقتىمەن خاندانلىقمنى

گۈلدۈرماما،شامالللاردىن

-ئەخمەتجان ئوسمان

ئوردا قۇردۇم ھاۋالاردىن،روھلاردىن

-جېلىل خېلىل

يىرتاي تېرەمنى،

ئۆزۈم ئاڭا قالدىم سىغالماي

-ئەخمەتجان ئوسمان

ھەر تەرەپكە چىقىپ كەتتىم ئۆزۈمدىن

...

سولاپ قويما مېنى ئۆزۈمگە

-جېلىل خېلىل

سۈرلۈك ئاھاڭدا

ئوقۇيدۇ ۋاراقلاپ دېڭىزنى

-ئەخمەتجان ئوسمان

دەريادىكى تەڭسىز ھاياتنى،

ئوقۇپ بېرەر شامال ۋاراقلاپ.

-غەيرەت غوپۇر

يۈرۈپ كەتتى يوللار

-ئەخمەتجان ئوسمان

يورغا يوللار

-باتۇر روزى

ئەينەك بولدۇم،

يېشىندى ئالدىمدا دۇنيا،

چېقىلدىم،

پارە-پارە بولۇپ چېقىلدىم.

-ئەخمەتجان ئوسمان

چېقىملارمەن تاك قىلىپ چەكسەڭ،

جامالىڭنى كۆرستەر ئەمما

تولۇق قىلىپ ھەربىر سۇنۇقۇم

-ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى

بوغۇزۇمدا بىر ناخشا تېخىچە

-ئەخمەتجان ئوسمان

مۇگدەپ قالغان دەريا شاۋقۇنى،

بۇغۇزۇمدا ئۇنلەيدۇ گويا

-ئىلھامجان ئابلىز

رېئاللىق بىلەن چۈش ئارلىقىدا

چېقىلىمەن ئەينەكتەك

-ئابدۇرېشىت ئەلى

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرگەنلىرىم بىرلا كۆرۈنۈشتە ئوخشاشلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قوپاللىق ۋە دۆتلۈك بىلەن ئەخمەتجان ئوسمانغا تەقلىد قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئازراق بولسىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپمۇ باقمىغان. سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپ تىزىدىغان بولساق، ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنغان پۈتۈن گۈڭگا شېئىرلار بىر نەچچىلا جۈملىگە يىغىنچاقلىنىپ قالىدۇ.

تۆۋەندىكى سۆزلەر«قەشقەردىكى يەرشارى» ناملىق كىتابنىڭ خالىغان يېرىنى ئاچساملا ئۇچرىغان سۆزلەر:

"ئىستەك بومبىسى"، "ئۆلۈم ئوردىسى"، "ناخشا پىلەكلىرى"، "جان دەرىخى"،" نەپەسلەرنىڭ كاۋاكلىرى" (باتۇر روزى، 133-بەت(

"روھ سۈيى"، "نۇر جۆيلۈشى"، "سىر ساھىلى"، "غورۇر مەپىسى"، "تويلار پەرىشتىسى"، "سۈكۈتۈمنىڭ تەكتى" (ئەخمەتجان ئوسمان،66-بەت(

"يالقۇن تاڭلىرى"، "قېنىم زەنجىرى"، "غايىبلىقنىڭ لېۋىدە) "ئەركىن ئىبراھىم،81-بەت(

"تەقدىرنىڭ تىترەڭگۈ تارى"، "رىشتىنىڭ ئەگىزى"،" سۈكۈنات شەكلى"، "لەززەتنىڭ يېلىنجاپ تۇرغان چۈشى" (ئابدۇقادىر جاللىدىن،16-بەت(

ھەر بىر ئاپتورنىڭ بىرلا قېلىپتىكى سۆزلىرى پەقەت بىردىنلا بەتتىن ئېلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئاددىيلا بىر ئۇسۇل، يەنى، ئابستراكت ئۇقۇمنى نەرسە ھالىتىدە تەسۋىرلەپ بولۇپ، مەنىسىز ھەم قۇرۇقتىن-

قۇرۇق ئوخشىتىشنىڭ ئەڭ كونا، ئەبجەقى چىققان شەكلى. بۇ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە پەقەت ئەسەرگە ساختا ۋە قەستەن غىلجىڭلاشتىن باشقا تۇيغۇ بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تەبئىيلىك يوق. ئىنسانىنىڭ تۇيغۇسىدىكى مەلۇم نەرسىنى ئىپادىلەش ياكى ئىنسانىنىڭ مەلۇم بىر خىل تەپەككۇرىنىڭمۇ مەھسۇلى ئەمەس.

ئۈچىنچى، شوئارۋازلىقنى داۋاملاشتۇردى.

گۇڭگا شېئىرچىلار «قەشقەردىكى يەرشارى» ناملىق كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە "ياش شائىرلار ئالدى بىلەن شېئىرنى ساختا بورچىكارلىقتىن ئازادە قىلدى" دەپ جاكارلاپ ئۆتكەندى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى بۇنى ئىنكار قىلىدۇ.

قۇلىقىنى يېقىپ كاتەككە،

ئۆگىنەتتى خورازدىن

ئۇيقۇنى بۇزۇپ چىللاشنى.

-ئەخمەتجان ئوسمان

رەنجىپتىمەن تېخى خورازدىن،

چىللىمىدىڭ دەپ

-مۇختەر مەخسۇت

ئۇخلىمايمەن ئەمدى

مەن پەقەت

ئاڭلىۋالدىم خوراز ئۈنىنى

-ھاجى قۇتلۇق قادىرى

بۇ شېئىرلارنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئۆلگىسى دەپ قارالغان مىجىت تاشىنىڭ 80-يىللارنىڭ بېشىدا يېزىلغان "خورازمەن چىللايمەن ھەر تاڭدا" ناملىق شېئىرىدىن مەزمۇن جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ. بىز بۇ يەردىكى ئۆز-ئارا تەقلىدنى، ئىددىيىدىكى قاشىشاقلىقنى، بەدئىيلىكتىكى تۆۋەنلىكنى...، ھەممىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېمىسىغا كەلسەك، تېما يەنىلا بۇرۇنقى شوئارۋازلىقنىڭ

داۋامى. كونكىرىت مەسىلە، ئەھۋال ۋە كۆرۈنۈشلەردىن خالىي ھالدىكى قۇرۇق شوئار ھېچقانداق تەسىرلەندۈرۈش كۈچى يوق سۆز دۆۋىسىدىن باشقا رول ئوينىيالمايدۇ.

بەزىلەر ئوبزورلارنى يېزىپ گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ شېئىرلىرىغا باھا بېرىپ خۇددى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك مودېرنىزم ۋە بەزى زامانىيۋى مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ بېزەپ باقتى. مەسىلەن، بىر ئوبزورچى ئۇن نەچچە يىل ئاۋۋال ماقالە يېزىپ ئەخەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىغا يۇشۇرۇن ئاڭ ئاتالغۇسىنى تاڭماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىلا دېگۇدەك ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن يېزىلغان. شېئىردىكى "مەن" ناملىق پرسوناژنىڭ يۇشۇرۇن يېڭىغا يۇشۇرۇنغان ئەقلىدىن تاشقىرى ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ئۇ قايسى مىسرالاردىكى ئاڭسىز ھەرىكەت، سۆز خاتالىقى ياكى چۈش مۇھىتىدىن بىلىۋالدىكىنە؟ شېئىردىكى "مەن"دە ئادەمنىڭ يۇشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلەپ قويىدىغان بۇ نەرسىلەر بارمۇ؟ دەرۋەقە، شېئىرلاردا خاتا تۈيغۇ، لوگىسىز سۆزلەر، چۈش مۇھىتى يوق ئەمەس. بىراق، بۇلار پرسوناژنىڭ يۇشۇرۇن ئېڭىنى ("مەن"نىڭ يۇشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلىيەلەمدۇ؟(

ھەر كۈن سەھەردە،

ئۈۋۈسىدىن چىقىدۇ يوللار،

ئوۋلاشقا مېنى.

"-مۇمكىنسىز ئولجا"

بۇ مىسرالاردا لوگىكا بۇزۇلغان. يوللارنىڭ ئۈۋۈسىدىن چىقىپ ئادەمنى ئىزدىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، بۇ مىسرالاردا شائىرنىڭ يۇشۇرۇن ئېڭى ئىپادىلەنگەنمۇ؟ بۇ مىسرالاردىكى لوگىكىلىق خاتالىق ئاڭلىق ھالدا ياساپ چىقىرىلغان خاتالىق بولۇپ، ئوبزورچى تەبىر بەرگەندەك تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ ئىكەنلىكى، شۇڭا تەپەككۇردىمۇ مۇرەككەپلىككە يۈزلىنىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت چاقىرىق ۋە شائىرنىڭ ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ يوللىرىدا مېڭىۋەرمەي، (يەنى، باشقىلارنىڭ يوللىرى تەرىپىدىن ئوۋلىنىپ كەتمەي) ئۆزىگە خاس يول تېپىشى كېرەك، دېگەن كونا ۋە ئاددىي تۇرمۇش قارىشى ئىپادىلەنگەن. يوللارنىڭ ئادەمنى ئوۋلىشىدىن ئىبارەت يۆتكەلمە ئوخشىتىش بۇ مىسرالاردىكى پىكىرنى ئازراق يۇشۇرۇپ قىلىپ، سەل چۈشىنىكسىز قىياپەتكە كىرگۈزگەن. "باشقىلارنىڭ يولىدا ماڭماي ئۆزەمگە يېڭى يول ئاچىمەن" دېگەن بۇ پىكىر ناھايىتى ئەقلىي پىكىر بولۇپ، ھەرگىزمۇ يۇشۇرۇن ئاڭغا يۇشۇرۇنۇپ قالغان نەرسىلەردىن بىشارەت بەرگۇدەك غۇۋا پىكىر ئەمەس. پەقەت

شېئىرنىڭ شەكلىنى يېڭىلاش ئۈچۈن ئەشۇ ئاڭدا ناھايىتى ئېنىق بولغان پىكىر قەستەن غۇۋالاشتۇرۇلغان بىر شوئاردۇر.

»چۈش» ناملىق شېئىر كۆرۈنۈشتە راستىنلا چۈش مۇھىتى تەسۋىرلەنگەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ "مەن"نىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلەيدىغان چۈش بولماستىن، بەلكى يۇقارقى مىسالدىكى شېئىرغا ئوخشاش ئاڭدىكى ناھايىتى ئېنىق بولغان پىكىرنى يوشۇرۇن ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان ساختا چۈشتۇر. روھىي ئانالىز ئالىمى فىروئىدقا بۇنداق چۈشنى ئېيتىپ بەرسىڭىزمۇ بۇ چۈش مۇھىتىدىن ھېچقانداق يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىپادىلىرىنى بايقىيالمايدۇ. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ شېئىرلاردا ئوبزور ئاپتورى ئېيتقاندەك، شەكىل بىلەن مەزمۇن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ئەمەس. بۇ شېئىرلاردىكى تۇيغۇلار مۇشۇنداق بىرلا شەكىلدىن باشقا شەكىلدە ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان تۇيغۇلار بولسا ئىدى، ئاندىن شۇنداق دېيىشكە بولاتتى. ئەسەرلەردە يوشۇرۇن ئاڭ قانداق ئىپادىلىنىدۇ. ئوبزورچى بۇنى قىلچىمۇ چۈشەنمىگەن. بىر ئەسەردە بىر پېرسوناژنىڭ ئاڭسىز پائالىيى تەسۋىرلەنگەن بولسا، بىز كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتسەك، بۇ ئاڭسىز ھەرىكەتنىڭ يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ئىكەنلىكىنى بايقىۋالالايمىز. يوشۇرۇن ئاڭ-مەزمۇن بولسا، ئاڭسىز ھەرىكەت-شەكىلدۇر. شۇ چاغدىلا شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىشىپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇنداق بىر گەۋدىگە ئايلىنىش ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئېزىققان يوللار» دا كۆرۈنمەيدۇ. ئوبزورچى بۇ شېئىرلارنىڭ "ئاڭ ئېقىمى" مېتودىدا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بۇ يەردىكى يوشۇرۇن ئاڭ دېگەن سۆزنى نائىلاج ۋە قىلچە ئاساسسىز ئىشلەتكەن. ئوبزور ئاپتورى بۇ شېئىرلاردىكى بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىشنى يوشۇرۇن ئاڭ، ئىچكى باغلىنىش دەۋالغان. بۇ يەردىكى ئاتالمىش "ئىچكى قۇرۇلما" ئەمەلىيەتتە، شېئىردىكى ئۆزگە ياققان بىر نۇقتىدىن چۆرگىلەپ كېتەلمەسلىك، ئۆزگە ياراپ كەتكەننى تەكرارلىۋېرىش بولۇپ، شېئىرلاردىكى ئۆز-ئارا تەكرارلىق ۋە ئۆزگە ئۆزى تەقلىد قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەسىلەن، "مۇمكىنسىز ئولجا" دىكى "يوللار "، "چۈش "تىكى "يوللار"، "خىزىر"دىكى "يوللار"نىڭ ھەممىسىنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى تامامەن ئوخشاش. «مۇمكىنسىز ئولجا»دا يوللارغا ئوۋلانماي يېڭى يول ئاچىدىغانلىقى، «چۈش»تە بارلىق يوللارنى ئۆچۈرۈپ (يوقىتىپ) تاشلاپ، يېڭى يول ئاچىدىغانلىقى، |«خىزىر»دا يوللارنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ يېلىنىشىغا پەرۋا قىلماي، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، يېڭى يول ئاچىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا شېئىرلاردا ئۆز-ئارا كۆپ تەكرارلىنىپ كەتكەن ئىماگلارنىڭ ھەممىسى (مەسىلەن، چۈش، دولقۇن، يۇلتۇز، ئاسمان) يۇقىرىدا مىسالغا

ئېلىنغان يول بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا ئىشلىتىلگەن. بۇلارنى شېئىردىكى ئىچكى قۇرۇلما، يۇشۇرۇن ئاڭنىڭ قوزغۇتىلىشى دېيىش كۆلكىلىك ئەمەسمۇ؟ ئوبزورچى ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەچكە بۇ توغرىسىدا كونكرېت توختىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ۋاقتىدا "يېزا ئېگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىمىز!" دېگەن ياڭراق چاقىرىق بىلەن داجەيلىكلەر يېرى تۈز بولمىغاچقا ئېلاجسىز پەلەمپەي ئېتىز ياسىغان تۇرسا، يەرلىرى تۈز جايدىكى كىشىلەرنىڭمۇ داجەيگە ئوخشىتىش ئۈچۈن يەرلىرىنى نۇرغۇن جاپا تارتىپ تاغ شەكلىدە قىلىپ ئاندىن پەلەمپەي ئېتىز ياسىغىنى يېقىنقى جوڭگو تارىخىدىكى ئەڭ بىمەنە ئىش. بۇنداق بىمەنىلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ تەكرارلاندى.

80-يىللارنىڭ بېشىدا خەنزۇ شېئىرىيىتىدە بارلىققا كەلگەن گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى دەسلەپتە بەزى ئوبزورچىلار 晦涩诗 دەپ ئاتىغاندى. بۇ سۆز چۈشىنىكسىز، مۈجمەل دېگەندەك مەنىلەرگە ئىدى. كېيىن بەزىلەر خەنزۇ تىلىدىن ئاشۇ شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ ياخشىراق ئىپادىلەيدىغان سۆز دەپ ھېسابلاپ ئۇلارنى 朦胧诗 (غۇۋا، گۇڭگا دېگەندەك مەنىلەردە) دەپ ئاتىغاندى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنى زادى 晦涩诗 دېيىش كېرەكمۇ ياكى 朦胧诗 دەپ ئاتاش كېرەكمۇ دېگەن نۇقتىدا بىر مەھەل تالاش-تارتىش بولغاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش گۇڭگا شېئىرچىلىرى: خەنزۇلارمۇ ئىككى سۆزنى ئاتالغۇ قىلىپ تالاشقان ئىكەن، بىزمۇ تالىشىپ باقمايمىزمۇ دەپ، ئۇيغۇر تىلىدىن "تۇتۇق شېئىر" دېگەن سۆز بىلەن "گۇڭگا شېئىر" دېگەن ئىككى سۆزنى تېپىپ قەستەن بەس-مۇنازىرە ياساپ ناھايىتى كۆلكىلىك ئويۇن ئوينىدى. بۇ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئىش تاپالمىغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى دوراشتا قولىدىن كېلىشىچە دوراپ ھېچنېمىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىقتا تىرىشقانلىقىدىن ھەم باشقا تالاشقىدەك نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە دۈچ كەلگۈدەك سەۋىيەنىمۇ ھازىرلىمىغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك. ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى پۈتۈنلەي ئايرىم نەرسە، ئۇيغۇر تىلىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولمىغان تالاش تارتىشنى خەنزۇلارنى دۇراپ ياساپ چىقىشنىڭ نىمە ھاجىتى. خۇددى داجەيدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈز يەرنى سۇغۇرۇش قىيىن، ئۈنۈمى تۆۋەن، جاپاسى كۆپ بولغان پەلەمپەي ئېتىزغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن جاپا تارتقاندەك، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ياساپ چىقىلغان بىمەنە ۋە يالغان بەس-مۇنازىرە ئۈچۈن ۋاقتىنى زايە قىلدى. ئۇلار خەنزۇلاردىن ئۆگەنسە، كۆچۈرۈپ كەلسە كېلىۋەرسۇن، بىراق خەنزۇلار تالىشىپ ھەل قىلىپ بولغان مەسىلىنى 10يىلدىن كېيىن قايتىدىن بىر مەيدان تالىشىپ چىقىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ كىچىك باللارنىڭ ھەربىي-دۈشمەن ئويۇنى ئويناپ، مەن ھەربىي سەن دۈشمەن، شۇڭا

يېڭىلىشلىك كېرەك دەپ بەلگىلىۋېلىپ تۇرۇپ ئاقىۋىتى ئېنىق مۇسابىقىنى بىر رەت ئارتۇقچە ئويناپ چىققىنىدەكلا ئىش ئەمەسمۇ؟

]ئىزاھات[:

بەزىلەر يېقىندا ماقالە يېزىپ" باشقا مىللەتلەرمۇ ئېتىراپ قىلغان گۇڭگا شېئىرىيەت ھادىسىسىنى پەرھات تۇرسۇن ئېتىراپ قىلمىدى" دەپ خاپا بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ يۈرۈشتى. چۈنكى يېقىندا» قەشقەردىكى يەرشارى» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان بولۇپ، كىتاب چىقماي تۇرۇپلا جو تاۋنىڭ يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزى ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا ئارقا-ئارقىدىن تەكرار-تەكرار بېسىلىپ، ئاساسەن گېزىت-ژۇرناللار ئالا قالمىدى .بۇنىڭدىن بەزىلەرنىڭ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويالماي قالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ، گۇڭگا شېئىرچىلار بۇنىڭدىن بەك خۇشال بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇلارمۇ كىرىش سۆز يېزىپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشىپ كەتتى. خۇددى جوۋ تاۋ بەرگەن باھا ھېچكىم تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان ئاخىرقى ھۆكۈمدەك، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ باھاسىغا باراۋەردەك، گۇڭگا شېئىرچىلارغا دەستەك بولۇپ بەرگەنلىكى ئۇلارنىڭ جوۋتاۋنىڭ ماقالىسىگە بولغان بارىكاللا ۋە ئالقىشلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن شۇ نەرسە ئايانكى، جوۋ تاۋ بىرلا ئادەمگە. يەنى، ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇنىڭ باھاسى ئۆزگەرمەس پىرىنسىپ ئەمەس. ھەتتا ماۋ زېدوڭنىڭ لىيۇ شاۋچىغا بەرگەن باھاسىمۇ ئۆزگەرگەنغۇ. ئەجەبا جوۋ تاۋنىڭ سۆزلىرى ماۋ زېدوڭنىڭكىدىنمۇ يۇقىرىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ توپلامدا گۇڭگا شېئىرچىلارنىڭ يازمىلىرىدىن باشقا شېئىرلارمۇ كۆپ. ھەتتا مېنىڭمۇ شېئىرىم بارغۇ. شۇڭا بۇ باھانى گۇڭگا شېئىرچىلارغا بېرىلگەن باھا، ئۇلارنىڭ ئورنى جوۋ تاۋ تەرىپىدىن قانۇنلىشىپ كەتتى دېيىشكە بولمايدۇ. جوۋ تاۋدەك ئادەتتىكى بىر شائىرنىڭ بېرىپ قويغان باھاسىدىن ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالغان ئاتالمىش "ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى" غا قاراپ ئۇلارنىڭ ھالىغا ئىچىم ئاغرىدى. بىر ئادەمنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان ماختاش سۆزلىرى ئۈنچىۋالا كارامەت بىر ئىشمۇ ئەمەس .بۇ ھاياجاندىن بىزدىكى باللارچە تەنتەكلىك، ھەۋەسكارلاردا بولىدىغان، بىرەر كىم ماختاپ قويسا ئۇچۇپ كېتىدىغان ھالەت كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدىنلا گۇڭگا شېئىرچىلارنى ئەمەس، كۆپىنچە ياشلىرىمىزنىڭ شېئىرىيەتتە تېخى قانچىلىك سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. بۇ تەنتەكلىكتىن بىز باشقا مىللەت شېئىرىيتى بىلەن رىقابەتلەشكىدەك سالاپەت ۋە ئەقلىي تامالۇكلۇقتىن ئۆزىمىزنىڭ خېلى يىراقتا ئىكەنلىكىمىزنى

ھېس قىلىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرى مۇنداق داۋاملاشقاندى:

]ئەسلىدىكى سۆھبەت[

سوئال: سىز گۇڭگا شېئىرچىلارنى يوقلا قىلىۋەتتىڭىز، ئەجەبا ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا زادىلا ئىجابىي تەرىپى يوقمۇ؟

جاۋاپ: ئەدەبىياتىمىز ناھايىتى قاتمال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا ئۇلار پەقەت بىر روھنى يەنى، بۇرژۇشنى ئېلىپ كەلدى. تارىخىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ. بىراق كونكېرىت ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار پەقەت بىر ئۆتكۈنچى سايە بولۇپ، ئۇلار شوئارنى تۇۋلاپ قويغىنى بىلەن ئەمەلىي ئىشقا يارىمىدى. سىز «تاۋۇس ئەللەيىن» دېگەن چۆچەكنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئۇ ئىنتايىن كاتتا بىر چۆچەك.

سوئال: سىز ئۇ چۆچەك بىلەن نېمىنى چۈشەندۈرمەكچى؟

جاۋاب: گۇڭگا شېئىرچىلار ئەشۇ چۆچەكتىكى بوياقچىنىڭ بوياق كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتكەن قوتۇر ئېشەككە بەكمۇ ئوخشايدۇ. ئۇلار ھازىر رەڭمۇ-رەڭ بويالغان تۈكلىرىنى پارقىرىتىپ ئۆزلىرىگە" تاۋۇس ئەللەيىن" دەپ ئات قويىۋېلىپ، ئورمانلىقتا پادىشاھ بولىۋالدى. ئۇنىڭ ئەسلى بىر قوتۇر ئېشەك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيۋاتىدۇ.

]ئىزاھات[:

مەن ئەينى چاغدا يامغۇردا قالسا، تاۋۇس ئەللەيىننىڭ ئەسلى قىياپىتى ئايان بولسا ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ داۋملىق ئورمانلىقتا پادىشاھ بولىشىنى خالىمايدۇ دەپ ئويلىغانىكەنمەن .ئۇلار تا ھازىرغىچە چۆچەكتىكى تاۋۇس ئەللەيىننىڭ ئاقىۋىتىگە ئۇچرىمىدى. ئۇلارنىڭ بوياقلىرى يۇيىلىپ كەتتىيۇ، بىراق ئاڭغىچە توپا چېچىپ كۆزلىرى قارغۇ قىلىنغان كىشىلىرىمىز يەنىلا ئۇنى كۆرۈپ يېتىشنى خالىمايۋاتىدۇ.

2005-يىل3-مارت ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.

2007-يىل 5-ماي بېيجىڭدا تۈزىتىلدى.